# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

## ئىلمىي ژۇرنىلى

1984 - يىل 2- سان

(ئومۇمىي 15 - سان)



قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

# مۇندەرىجە


ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

سەمەت دوگايلى .................................................................... 1

« تۈركىي تىللار دىۋانى » دىن قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نەزەر..........

ئەسقەر ھۆسەيىن .................................................................... 20

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ......خەمىت تۆمۈر 40

دىففىرېنسال ۋە ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى ئوقۇتۇش مېتودىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە

رىشات ياقۇپ .................................................................... 55

ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ـ ياۋروپا ھون ئىمپېرىيەسى ...............تۇرغۇن ئالماس 66

لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ يېڭى ئىزلىرى توغرىسىدا

غوپۇر ياقۇپى، كېرەم رەھىم .................................................................... 83

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

سەمەت دۇگايلى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىستىتىكا نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق تەتقىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. سىياسى نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىقمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئىستىتىكا بىلەن سىياسى زىچ بىرىككەن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋىتىپ، قايسى بىرخىل نۇقتىئىنەزەر تەرەپكە ئېغىش يۈز بىرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا شەرھىيلىگىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇش، بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى كوز قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. يەنە سىياسى دەمەك ھەممىگە باراۋەر، سىياسىنىڭ ئۆزى بولسا سىنىپى كۈرەش. ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسى ئۈچۈن ـ سىنىپى كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، قاتارلىقلار. بىز مەسىلىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى باھالاش مەيدانىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلغىنىمىزدا ناھايىتى تەبىئىيكى ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدىكى بەدىئىلىك بىلەن سىياسى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويالمايمىز. چۈنكى يازغۇچى سىياسى خاھىشىغا ئاساسەن بەدىئى ئوبراز يارىتىدىغانلىقىدىن، سىياسىنىڭ بەدىئى ئوبرازغا چېقىلماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئىقرار قىلىش كېرەككى، سىياسى پەقەت كوپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كوزلەيدىغان ۋاستە بولۇپ ئۇنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس. سىياسىنى مەقسەت قىلىپ سىياسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمىغىنىدەك، نوقۇل سىياسىنىلا مەقسەت قىلىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ. سىياسى دېگىنىمىز ـــ سىنىپىنىڭ سىنىپ ئۈستىدىن يۈرگۈزىدىغان ھوكۇمرانلىقى، سىنىپى كۈرەشنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. بۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، پارتىيىنىڭ سىنىپقا بولغان رەھبەرلىگى، بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپقا بولغان رەھبەرلىگى (مەسىلەن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دېخانلار سىنىپىغا بولغان رەھبەرلىگى)، سىنىپى كۈرەش، پارتىيە گۇرۇھلار كۈرىشى، دولەت تۈزۈمى، دولەت باشقۇرۇش ھەمدە پرولېتارىيات دولىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتىلغان يېتەكچىلىگى (مەسىلەن، ئىقتىسادىي سىياسەت تۈزۈش) قاتارلىقلارنىڭ

ھەممىسى سىياسى تەۋەسىگە ياتىدۇ. سىياسى سىنىپنىڭ تۈپكى مەنپەئەتى ۋە سىنىپلار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ بىر قاتار مۇناسىۋەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىختىسادىي ئورنىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لېنىن يىغىنچاقلاپ: «سىياسى ئىقتىساتنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى» دېگەن ئىدى. سىياسى ئىدىيە بىلەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان تۈزۈم ئىختىسادىي بازىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. سىياسى تۈزۈم، دۆلەت شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتى ئومۇمەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىش ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسىغا بېقىنىدۇ. سىياسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلدۇق. ئەمدى سىياسىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنالىرىنى بولسا پەيدىن ـ پەي تارايتىپ سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالغانلىقىمىزدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىمۇ سىياسى ئۈچۈن يەنى سىنىپىي كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر مەزمۇنغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈردۇق.

جۇڭگو جەمئىيىتى نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىق ئىگىلىكنى جەمئىيەت ئاساسى ۋە سىياسى ئاساس قىلغان جەمئىيەت بولۇپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىشتا ئەنە شۇ ئاساسلارنى يىمىرىپ تاشلىماي، ئاغدۇرۇۋەتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ پۈتلىكاشاكىلى بولغان ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ سىياسى بىلەن جۇڭگو گۈكچەنداكى يېتەكچىلىك قىلغان ئىنقىلاۋى ئىلغار سىنىپلارنىڭ سىياسى مۇقەررەر يوسۇندا كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. ئۇستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەبىئىكى ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلغانلىقتىن ئەنە شۇ ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش زېمىنىدا يارىتىلىپ، ئەنە شۇ كۈرەش ئەمەلىيىتىنى ئىپادىلىگەنلىكتىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، ئىدىيىسىگە، قەلبىگە ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە، ئەقىدىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئىنقىلاۋىي كۈرەش سېپىگە ئاتلىنىشقا رىغبەتچى بولۇش رولىنى ئوينىدى. بىز ھازىر ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇق. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبە مۇۋەپپەقىيىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈۋاتىمىز. ئەنە شۇ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئەڭ ئەۋۋەل ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى ۋە سىياسىسىنى يوقاتتۇق. گەرچە ئۇ سىنىپلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىدىئولوگىيە ئاساسى تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل يىمىرىپ تاشلانمىغان بولسىمۇ زور كولەملىك، بوران ـ چاپقۇنلۇق، ئاممىۋى خاراكتېرلىق، شىددەتلىك سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا سىنىپلار مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مۇھىمى سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈگىدى. بىز تېنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتىدە كەڭ ـ كولەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، مانا بۇلار ھەممىگە مەلۇملۇق ئەمەلىيەت.

لېكىن ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان سىنىپىي كۈرەش سىياسى دېمەكتۇر دېگەن ئۇقۇم ھوكۈمران ئىدىيە بولۇپ تۇرغاچقا سىياسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان باشقا ئۇقۇملارمۇ سىنىپىي كۈرەش نۇقتىسىدىن چۈشۈنىلدى. سىياسى كاتېگورىيىسى ئىچىدە سىنىپىي كۈرەش بولىدىغانلىقىنى ماركسىزىم رەت قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە لېكىن سىنىپىي كۈرەش كوز قارىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشۈنۈشتە مۇتلەقلەشتۈرۈش دەرىجىسىگە بارغىچە تەكىتلىنىۋەرگەنلىكتىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگە باھا بېرىشنى بىر تەرەپلىمىلىككە ئېلىپ باردى،



AltunOq

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەنبەئى رېئال تۇرمۇش بولغانلىقتىن، رېئال تۇرمۇش كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقانلىقتىن، سىنىپى كۈرەش يەنى نۇقۇل ئەشۇنداقلا چۈشۈنىلگەن سىياسى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە باھا بېرىشتىكى ئۆلچەم بولالمىغان، بىر تەرەپلىمىلىكنى ئاساس قىلغان بەلگىلىمە بارغانسېرى ئەھمىيەتسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگە ئاساسەن رىۋاجلىنىش ئېھتىياجى بارغانسېرى ئۇچۇق بىلىنمەكتە. بۈگۈنكى سوتسىيالىزم دەۋرىدە، پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئەدەبىيات-سەنئەتنى سىياسى ئۈچۈن يەنى سىياسىنىڭ ئۆزى دەپ تونۇلغان سىنىپى كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، دىگەن بەلگىلىمىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسى بىلەن بولغان ئىچكى مۇناسىۋەتنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆز قانۇنىيىتىگە ئاساسەن رىۋاجلىنىشقا ئىگە قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار. بۇنداق مۇھاكىمە ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىش ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## 1

ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئىگەللىۋېلىش ۋە ھەل قىلىش قىيىنراق بولغان دىئالېكتىك مۇناسىۋەت. ئەگەر، سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسىنى سىياسىغا خىزمەت قىلىش دەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى سىياسىنىڭ بېقىندىسى، دەپ تونۇيدىغان بولساق ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىپ سىياسى تەركىۋىدىكى ئاددى ئۇقۇملۇق ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا، ئەدەبىيات - سەنئەت مەلۇم بىر خىل سىياسى ۋەزىپىگە، سىياسى يولغا، سىياسى ھەركەتكە شەرتسىز ۋە پەرقسىز بويسۇنىدىغان، خىزمەت قىلىدىغان دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خىزمەت قىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. ئۇ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۆتمۈشنى، ھازىرنى، كېلىچەكنى، ئاددىمىزات دۇنياسىنى، ئاسمانى، رىۋايەت، مەسەللەر ئارقىلىق ھايۋانلارنى، جانسىز - جانلىقلار ئالەمىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان بىز ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي سىياسىغا بېقىندۇرۇش، سىياسىغا بويسۇندۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلدۇق، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى سىياسى بىلەن بەدىئىلىكنىڭ بىرلىكى، دەپ ھوكۇم چىقىرىدىغان ئۇقۇملاشتۇرۇش، پورمۇلىلاشتۇرۇش مەيدانغا كەلدى. بۇ پورما بويىچە ئۆلچىگەندە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەزمۇنى يەنى تېمىسى سىياسى بولىدۇ، دىگەن ئاددىيلاشتۇرۇش ئۇقۇمى مۇتلەقلەشتۈرۈلدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. ھالبۇكى، ئىجتىمائى تۇرمۇش كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى سىياسى پەقەت ئۇنىڭ بىر تەرەپتىكى مەزمۇنى بولۇپلا ھېساپلىنىدۇ. ماركس "نېمىس ئىدېئولوگىيىسى" دىگەن ئەسەرىدە: "··· بىر ئادەم، ئۇنىڭ ھاياتى پايانسىز، كۆپ تەرەپلىمىلىك پائالىيەتلەر ۋە دۇنياغا قارىتىلغان رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كۆپ تەرەپلىمىلىك ھايات كەچۈرىۋاتىدۇ، دەپ قاراش

كېرەك» (خەلق نەشرىياتى نەشرى، خەنزۇچە 286 ـ بەت) دېگەن ئىدى. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەقىدىمىزگە ئاساسەن سىياسىنى بىزنىڭ ئىجتىمائىيىتىمىزدىكى سىنىپىي كۈرەش دەپ تونىغاندا، گەرچە بۇنداق سىنىپىي كۈرەش پۈتكۈل رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى بولغاندىمۇ، ئۇ باشقا بىر مۇنچە تەرەپلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن ھالەتتىمۇ، بەربىر رېئال ھاياتنىڭ بىر تەرەپتىكى مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇكى ھەرگىز پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە مەزمۇنىنى، بولۇپمۇ بىر كىشىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. ھەر قانداق بىر سىنىپ ۋە شۇ سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولغان كونكرېتنى ئادەم سىياسى بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى يەنە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن، ئىلمى پائالىيەتلەر بىلەن، مەدەنىي مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان سىنىپنىڭ ماددى، مەنىۋى ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەر خىل تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزى ۋە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كىشىلەر مۇناسىۋىتى دائىرىسىگە ئارىلىشىپ بىر تالاي كۈندىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە كەلسەك: ھەر قانداق سىنىپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نوقۇللا ئۆز سىنىپنىڭ رەقىب سىنىپقا قارىتىلغان كۈرەشلىرىنى ئىپادىلەپلا تۈگەللەنمەيدۇ. بەلكى، ئۆز سىنىپنىڭ كىشىلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك، ھەرخىل مەزمۇندىكى ھاياتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. گەرچە بۇنداق ئۆز سىنىپنىڭ ئىچكى ھاياتى ئەينەن شارائىتتا ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ ئىچكى ھاياتنىڭ تامامەن سىنىپنىڭ كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولۇشى ياكى سىنىپلار كۈرىشى دائىرىسىدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قىز ـ ئوغۇلنىڭ مۇھەببىتىنى مىسالغا ئالساق، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مۇھەببەت سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىگە، چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، ئۇنى سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەھسۇلاتى، ياكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ نەتىجىسى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باشقا بىر مۇنچە تەرەپلەر بىلەن بولغان چىرمىشىشلىقى، شۇنداقلا پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت نوقۇللا چېتىلىدىغان تەرەپلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ توختاپ قېلىشى شەرت ئەمەس. ئۇ پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا سىياسى يەنى سىنىپىي كۈرەش كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن نەرسە ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ بىردىن ـ بىر مەزمۇنى، لەززىتى، مەقسىدى، يېتىدىغان نىشانى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ بارلىق قىممىتى پەقەت سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت بىرلا مەزمۇن ئىچىدە بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىش تېخىمۇ توغرا ئەمەس. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان سىياسى ئەمەلىيەتتە، كىشىلىك ھاياتنىڭ يەنىمۇ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھاياتنىڭ ياخشى ئۆتىشى ئۈچۈن سىنىپىي كۈرەش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ تۇرۇش، دېگەن مەنا چىقىرىلسا بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. ھاياتنىڭ ياخشىلىنىشى شارائىتىدا ئۆتىشى سىياسىنىڭ كۆزلىگەن نىشانى بولۇپ، ھاياتنىڭ قوغلىشىپ يۈرۈپ ئېرىشمەكچى بولغان ئوبيېكتى سىياسى ئەمەس. شۇڭا، سىياسىنى يەنى سىنىپىي كۈرەشنى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى، ھاياتلىق سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قورال، دەپ قاراش بىمەنىلىك ۋە ماركسىزمغا خىلاپ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كۆپ تەرەپلىك پائالىيەتلىرى، ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى سىياسى يەنى سىنىپىي كۈرەش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى لازىم، دەيدىغان قاراشلارمۇ تامامەن خاتا ۋە ماركسىزمغا خىلاپ. مۇنداق بىمەنىلىك ۋە ماركسىزمغا خىلاپ كۆز قاراشلار لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ

تەرغىپ قىلىنىپ ئۇلارنىڭ خەلقنى قۇل قىلىش، خەلققە زىيانكەشلىك قىلىش جىنايى ھەركەتتىگە نەزەرىيە ئاساسى بولغان ئىدى. لىن بياۋ «4 كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىلا بار بولغان ۋە لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈپ پايدىلىنىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ـ سىياسىغا بېقىنىدۇ، دېگەن كۆز قاراش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىق، ئوبرازلاشتۇرۇش، تىپىكلەشتۈرۈش، كۆپخىل، مول بولۇش، يەككىلىك، ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت قانۇنىيىتىنى بارغانسېرى قېلىپلاشقان بىر نۇقتىغا يەنى "ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىنىپى كۈرەشنىڭ قورالى» دېگەن پورمىغا قاچىلاپ قويۇپ ناھايىتى زور زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ پورما "ئىنسانشۇناسلىق» تىن ئىبارەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىسلىمىنى ئىنساندىن ئايرىلغان مەۋھۇم، تۇتۇق، خىرە ئۇقۇمغا باشلاپ قويدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسىغا بېقىندى بولۇپ قېلىشى تۈپەيلىدىن ئىنساندا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ۋە بارا ـ بارا ۋايىغا يېتىدىغان، ئىجتىمائىي كۈرەشلەر ئىچىدە يۇغۇرۇلىدىغان ئىنسان تەبىئىتىمۇ سىياسىنىڭ بېقىندىلىقى ئاستىدا ئىپادىلەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنساننى ئىنسان سۈپىتىدە ئەمەس ئىلاھ سۈپىتىدە ياكى پۈتۈنلەي جىن ـ ئەرۋاھ قىياپىتىدە ئىپادىلىدى.

ئىنسان تەبىئىتىنىڭ كونكرېتنى بولىدىغانلىقى بۇ راس. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سىنىپىلىكى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، سىنىپلارنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە قويغان ئۆلچىمى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەتقىق قىلىدىغان " ئىنسانشۇناسلىق» بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى ئىپادىلىشى ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ سىنىپىلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ سىنىپىلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان كۆز قاراش ماھىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرىدىغان كۆز قاراشنىڭ ئۆزى. بۇ كۆز قاراش پرولېتارىياتنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازات قىلغاندا ئاندىن ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزىنى ئازات قىلغان ھېساپلىنىدىغان غايىسىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىدۇ. ماھىيەتتە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىنىپى كۈرەشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇشنى سىياسى دەپ تۇرۇۋېلىش پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىدىن ئىبارەت سىياسەتنى چەتكە قاقىدۇ. چۈنكى بۇ كۆز قاراش بويىچە يارىتىلغان پېرسوناژلار شەك ـ شۈبھىسىزكى ئىنسانغا خاس ھېس ـ تۇيغۇدىن، ئىنسانغا خاس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن مەھرۇم بولغان؛ جىسمانى تېنى قېتىپ قالغان؛ تائام، جىنس ۋە تەپەككۇردىن ئايرىلغان، پەقەت ئىدىيىسىلا يۇكسەك بولغان قەھرىمانلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ماركس ئىنسان تەبىئىتىنى ئىنكار قىلغان ئەمەس. ئۇ قەدىمقى رىم شائىرى تايلېنسنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ :"ئىنسانغا خاس بولغان نەرسىلەر ماڭا يات ئەمەس» دېگەن ئىدى.

يۇقۇرقىلار ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىغا بېقىنىدۇ، ئۇ سىنىپى كۈرەشنىڭ قورالى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندە تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشتىكى ئادەملەر سىنىپى كۈرەشكە، ئۆز سىنىپىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشتىن تاشقىرى بىر مۇنچە ماددى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ئىچىدە ياشايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىغىنىمىزدىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئومۇمى ئىستراپىقا ئېرىشكەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى سىنىپى كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كاتېگورىيىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئەكسى ئەتتۈرگەن تۇرمۇش كارتىنىلىرىمۇ تامامەن سىياسى ياكى سىنىپى كۈرەش ئەمەس. مەسىلەن:

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك داستانى «قۇتادغۇبىلىگ»، ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ«چاھار دىۋان» ۋە تونۇلغان كىلاسسىكلارنىڭ «غەزەلىيات» ، «دىۋان» لىرى ئىچىدە ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى يەنى پەلسەپە، دۇنيا قاراش، ئەخلاق، مۇھەببەت، ئەقىدە، ئادالەت، ۋاپادارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ھادىسە ھەم ماھىيەت يېقىدىن خېلى تولۇق ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىنغان بولسىمۇ سىنىپى كۈرەش ئىپادىلەنگەن ئەمەس. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى تەتقىقاتىنىمۇ سىياسىغا بېقىندۇرۇش، سىنىپى كۈرەشنىڭ قورالى، دەپ چۈشەندۈرگەنگە ئاساسلانغاندا پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتى تارىخى ـ سىنىپى كۈرەش تارىخى بولىدۇ، دىگەن فورمۇلا بويىچە ھوكۇم قىلىنغاندا كىلاسسىكلارنىڭ ھەممىسىنى دىگىدەك ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 99 پىرسەنتىنى رەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىندى. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىنىڭ بېقىندىسى، دىگەن كوز قاراشنىڭ ئەمەلىيەتتە تەدبىقلىنىشى. ھەتتا بەلگىلىك ئىجتىمائىي كۈرەش ۋە زىددىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن « لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شىرىن »، « غېرىپ ـ سەنەم » داستانلىرىدىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسى ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ بۇ ئەسەرلەرنى سىياسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، سىنىپى كۈرەشكە خىزمەت قىلغان، سىنىپى كۈرەشنىڭ قۇرالى بولغان دىيىشكە ئاساس يوق. ئۆتكەن ۋاقىتلاردا ئەنە شۇ ئەسەرلەرنى سىنىپى كۈرەشنىڭ قۇرالىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسىغا بېقىندىلىغىنى ئىسپاتلاش ئۇرۇنۇشلىرى مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىغىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدە سىنىپى كۈرەش بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ئەكس ئەتكەنلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئابدۇرەھىم نازارىنىڭ « رابىيە ـ سەيدىن » داستانى، موللا شاكىرنىڭ « زەپەرنامە » داستانى، موللا بىلال موللا يۈسۈپنىڭ « چاڭمۇزا يۈسۈپخان »، « نوزۇگۇم »، سېيىت مۇھەممەتنىڭ « شەرھى شىكەستە » داستانلىرى... قاتارلىق ئەسەرلەردە سىنىپى كۈرەش، مىللى كۈرەش بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇنداقچە قىلغاندا سىياسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەسەرلەردىكى مەركىزى ئىدىيە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جەزمەن سىياسىنىڭ بېقىندى بولۇشقا، سىنىپى كۈرەشنىڭ قۇرالى بولۇشىغا ئىسپات بولالمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا بىۋاستە سىنىپى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر ئازراق، سىنىپى كۈرەشنى ۋاستىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىرى ئۇنىڭدىن كوپ. ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ( مەلۇمكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ھەممىسى سىنىپى زىددىيەت ئەمەس ) ۋە ئاپتورلار ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەخلاق ـ پەزىلەت كوز قارىشى، ۋاپادارلىق، گۈزەللىك كوز قارىشى ( بۇنداق كوز قاراشلىرىنىمۇ فېئودالىق سىنىپى مەيداندىن چىقىپ ئېيتىلغان دىيىلگەندىمۇ ) ئىپادىلىگەنلىرى خېلىلا كوپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىلىرى ۋە ساپ ئىنسانى سۆيگۈ تېمىلىرىنى ئىپادىلىگەن ئەسەرلەرنىڭمۇ سانى، بولۇپمۇ سۈپىتى ئالدىنقىلىرىدىن كوپ ھەم يۇقۇرى بولۇپ يۇقۇرقى ئەسەرلەرنىڭ تىما دائىرىسى كەڭ، ئالغا سۈرمەكچى ئىدىيىسىمۇ مۇرەككەپ يەنى ئوچۇقلىرىمۇ، تۇتۇقلىرىمۇ ئۆز ـ ئارا زىددىيەتلىكلىرىمۇ بار. بۇلارغا مۇئامىلە قىلىشتا مۇنداق ئىككى تەرەپلىمىلىكنى تەڭ ئېتىۋارغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى كىلاسسىكلىرىمىز ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا رېئاللىقنى ئۆزىنى قاچۇرىشىدا رېئالىزىم ئىجا-

دىيەت مېتودىنى قوللانماسلىقتەك بىر ئامىلدىن تاشقىرى دۇنيا قارىشىنىڭ ئەمگەكچىلەر سىنىپى تە-رەپتە ئەمەسلىكىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار نۇقۇل سىياسىنى مەقسەت قىلىپلا ئەدەبىياتقا سىغداپ كىرگۈزمەي ئۆزىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىنى ۋاستىلىق ئىپادىلىگەن.

پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەۋاتقان مەزگىللەردە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ فېئودالىزمغا، كاپىتالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرىشىنى ئېنىق، روشەن باش تېما قىلغان ئەسەرلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. بۇنداق بولىشى تەبىئىي ۋە مۇقەررەر ئىدى. ئەمما، پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ بولغانىدىن كېيىنكى دەۋرلىرىدە مەر-كىزى خىزمەتلىرىنىڭ نۇقتىسىمۇ بۇرۇلۇشقا يۈز تۇتتى. سىنىپلار مۇناسىۋىتى ۋە شۇ مۇناسىۋەتلەر زېمىنىدا سادىر بولغان ئۆزگۈرۈشكە ئەگىشىپ سىياسىنى روشەن باش تېما قىلغان ئەسەرلەر پەيدىن-پەي ئازايدى. سىنىپى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرمۇ تەبىئىكى ئىككىنچى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشتى. بۇنداق بولۇشمۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى بولۇپ ئىنسانلار پسىخولوگىيىسىنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، پرولېتارىياتنىڭ سىنىپى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى ئەسلىدە سىنىپلارنى ۋە سىنىپى كۈرەشنى يوقۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ مىسلىسىز بەختىيار ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن كاپالەت بېرىدىغان كوممۇنىزمغا بې-رىشقا يول ئاچىدۇ. مانا شۇنداق ئىجتىمائىي جەمئىيەتلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئىل-گىرىكى ھەر قانداق بىر تارىخى دەۋردىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان گۈللەپ - ياشناش، تەرەققى قىلىشقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىكەن، پرولېتارىياتنىڭ بەختىيار تۇيغۇسىنى، شات - خۇراملىققا تولغان يۈرەك - قەلبىنى كۈيلەشكە، ئىپادىلەشكە بېرىلىشىنىڭ ئورنىغا، يەنىلا سىنىپى كۈرەشنى سىياسىنىڭ ئۆزى، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىش، سىنىپى كۈرەشنى زومۇ-زو ياساپ چىقىرىلغان پېرسوناژلارغا شۇغۇللانمىسا بولمايدىغان سىياسى، دەپ تېڭىش يېڭى دەۋردىكى كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش تۇيغۇلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. بەلكى، كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈۋاتقان تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ چىنلىقىنى بۇرمىلاپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن خاتىرجەمسىزلىك، سىنىپى كۈ-رەش ۋەھىمىسىنى تۇغدۇرىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەئى - تۇرمۇش. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا! سىنىپى جەمئىيەتتىكى ئەدە-بىيات - سەنئەتنىڭ سىنىپى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى تەبىئىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق. بۇرۇنقى سىنىپى كۈرەش دەۋرلىرىدە ئەشۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق خاتا بولغان يېرى يوق. بىز-نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقىنىمىز پۈتكۈل ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مەيلى سىنىپى كۈرەش راسا ئۆتكۈرلەش-كەن، ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتلاردا بولسۇن، ياكى سىنىپى كۈرەش بىر قەدەر پەسەيگەن ۋاقىتلاردا بولسۇن سىنىپى كۈرەش بەرىبىر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە مەزمۇنى ئەمەس. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش مەزمۇنلىرى مەيلى رېئال ھاياتتا ياكى تارىختا بولمىسۇن يالغۇز، يېگانە بىر مەزمۇننى يەنى سىنىپى كۈرەشتىن ئىبارەت بىرلا تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى، تۇرمۇش ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان سىنىپنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى... قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا بولدى قىلماي ئۆزىنى مۇستەھكەملەش، بېي-تىش، كۈچەيتىش ۋە يەنىمۇ يىراق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى تىرىششلارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەبىئىكى، بۇنداق تىرىشىش كىشىلىك ھاياتنىڭ نۇرغۇنلىغان كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋە

كۆرۈنمەيدىغان نازۇك تەرەپلىرىنى، ئاغزىدا ئېيتقىلى بولىدىغان ۋە ئېيتقىلى بولماي پەقەت ھېس قىلىدىغان بىر تالاي ئىنچىكە ھالقىلارنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سىنىپقا بېقىنمايدىغان ھەمدە ئوخشاش سىنىپ كىشىلىرىگە تەئەللۇق ئالاقىلىرى دائىرىسىدىكى ئۆزگەرگەن، ئۆزگۈرۈۋاتقان، ئۆزگىرىشى مۇمكىن بولغان ۋە ئۆزگۈرىدىغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەشۇنداق مۇناسىۋەتلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى يۇقۇرقىدەك ئىنچىكە، نازۇك، كوپ تەرەپلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەر قانداق قىلىپمۇ سىياسىغا بېقىندۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنى سىياسىغا ماس كېلىدىغان ئىنسان ئىدىيەسى بىلەنلا چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزىرىيەمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىنىپى كۆرەشنىڭلا ئىنكاسى، سىنىپنىڭ تەشۋىقات قۇرالى دەپلا خۇلاسە چىقىرىپ كەلدى. بۇ بىر تەرەپلىمىلىك، ئىلمى ئەمەس. ئۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپى سىنىپى كۆرەش، سىنىپى مۇناسىۋەت، سىنىپى زىددىيەت، دىگەن ئۇقۇمنى زورلاپ تېڭىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق ئاددىيلاشتۇرۇلغان، فورمىغا سېلىنغان ئۇقۇم ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىنىڭ بىزگە قالدۇرغان پاكىتلىرىغا خىلاپ بولۇپلا قالماي ئۇ نوۋەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تىما دائىرىسىنىمۇ تارايتىۋېتىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تىزلىشىنىمۇ توسىدۇ. چەكسىز تۇرمۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىغى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇنىڭدىن ھېساپسىز نۇرغۇن ئوزۇق ئالىدۇ. ئۇ بۇنداق كەڭ مەنالارغا تولغان تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى تامامەن مۇمكىن ھەم شۇنداق قىلىشى لازىم. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەزمۇنى پەقەت سىياسى بىلەن چەكلىنىدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت يەنە باشقا ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىدىئولوگىيە بولۇپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەزمۇن ۋە قانۇنىيەتكە ئىگە. بۇ مەزمۇنلار سىياسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، ئەمما سىياسى يەگانە ھالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەممە مەزمۇنى ئەمەس، شۇ سەۋەپتىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت دىگەن سىياسى، دەپ ئۇلار ئوتتۇرىسىغا باراۋەرلىك بەلگىسى قويغىلى بولمايدۇ، بۇنداق تونۇش ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى مەلۇم سىياسى ئىدىيىنىڭ ئوبرازلاشقان ئىپادىسى دەپ خۇلاسىلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى نوۋەتتىكى مەلۇم سىياسەت، مەلۇم ۋاقىتلىق سىياسى يول، سىياسى ۋەزىپە، سىياسى ۋەقە، سىياسى ھەرىكەت ھەتتا مەلۇم بىر سىياسى رەھبەرنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، دەپ چۈشۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ. بۇرۇن ئەشۇنداق چۈشىنىلگەن بولغاچقا بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىچكى مەزمۇنىدىكى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت ۋە ئالاھىدىلىك چەتكە قايرىپ قويۇلدى. بۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى فورمۇلىلاشتۇرۇش، ئۇقۇملاشتۇرۇشتىن بارلىققا كەلگەن ئاقىۋەتلەرنىڭ بىرى.

## 2

سىياسىنىڭ مەزمۇنىغا قانداق تەبىر بېرىشتىن قەتئى نەزەر، ئىجتىمائى رولى يېقىندىن ئېيتقاندا ئۇ ھامان بىر ۋاستە، سىياسىنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس. سىياسى ئىدىيە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۈزۈملەر ئىقتىسادى بازىسى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. سىياسى تۈزۈم، دۆلەت شەكلى...نىڭ

ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ئومۇمەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا قاراپلا سىياسىي ئىقتىسادىي بازىسقىلا قاراپ تېكىسلىنىدۇ، دىگەن مۇتلەق ھوكۇمنى چىقارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سىياسەتمۇ ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كورسۇتىدۇ. بۇنداق تەسىر كورسۇتۇش پاسسىپ ھالدا بولماستىن بەلكى ئاكتىپ تەسىر كورسۇتۇش رولىنى، يەنى، ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كورسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا زورۇر بولغان، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا شارائىت يارىتالايدىغان ئىجتىمائىي جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھاتى يەنىلا ئىلغار سىنىپ ۋە سىياسىي پارتىيىنىڭ ئاڭلىق ھەركىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. سىياسىي ئەنە شۇنداق ھەركەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

مەسىلە شۇنداق ئىكەن، سىياسىي ئەدەبىيات-سەنئەتكىمۇ يېتەكچىلىك قىلىدۇ، دىگەن ئۇقۇمنى چىقىرىشقا بولامدۇ - يوق؟

كوپ يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا سىياسىغا بويسۇنىدۇ، دەپ قارالدى. سىياسىينى سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىلىنىشى، دەپلا مەناسى تارايتىۋېتىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىمۇ سىنىپىي كۈرەشكە خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپقا زەربە بېرىشى، بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى يوقۇتۇشىدىكى قورال رولىنى ئوتەيدۇ، دەپ تونۇلدى. بۇ ئىلمىي ئەمەس.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇكەممەل تەبىرى شۇكى، ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوستقۇرۇلمىغا ياتىدۇ. ئۇ تىلنى ئاساسىي قورال قىلىپ ئوبراز ۋە تىپىكلەشتۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەخسىدى خەلقنى تەربىيىلەش، " خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئۆز مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش" (ماۋزېدۇڭ: " يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سوھبەت يىغىنىدا سوزلەنگەن نۇتۇق ") تىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەت كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئارقىلىق؛ ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق؛ ھىسسىياتى، ئىدىيىلىرى ئارقىلىق؛ ئىنسانلارنىڭ فىزىئولوگىيىسى، پىسخىكىسى ئارقىلىق؛ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىگى ئارقىلىق ئىنسانى ھاياتنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكتىن، ئىنسانلارنى ئىپادىلىگەنلىكتىن ۋە ئىنسانلار قەلبىنى تەتقىق قىلغانلىقىدىن ماكسىم گوركىي ئەدەبىياتنى " ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى "، دىگەن، ستالىن يازغۇچىلارنى " ئىنسان روھىنىڭ ئىنژىنېرى "، دەپ تەرىپلىگەن. چېرنىشۇۋىسكىمۇ: " مۇنەۋۋەر ئەدەبى ئەسەر تۇرمۇش دەرسلىگىدۇر "، دەپ كورسەتكەن ئىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىگىنى تونۇغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ئوبرازلىقلىقى، تىپىكلىكى نۇقتىسىدىن چۈشۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئوبراز ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولۇشى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق تەرىپى.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كورۇشكە بولىدۇكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆز ئىچىگە سىياسىي مەزمۇنلارنى، سىياسىي چاقىرىقلارنى، سىياسىي تەدبىرلەرنى، سىياسىي غايىلارنى .... ئالالايدۇ. سىياسىي بولسا ئەدەبىيات - سەنئەت ياردىمى ئارقىلىق ئۆزىنى يەنىمۇ ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ. چۈنكى، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان خەلق ئاممىسى ئۆز مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان سىيا-

سىنى چاقىرىقلار ۋە شۇئارلارغا قارىغاندا ئەدەبىيات - سەنئەت ئارقىلىق تېزرەك، ئاكتىپ قوبۇل قىلالايدۇ. مەسىلەن: پارىژ كوممۇنىسى دەۋرىدىكى ئېۋگېنى پوتيېرنىڭ شېئىرلىرى، بولۇپمۇ مەشھۇر «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرى مىليونلىغان ئىنسانلارغا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنى، دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى سىياسى چاقىرىق ۋە تەشەببۇسنامىلارغا قارىغاندا جانلىق ۋە تېز يەتكۈزگەن ئىدى. سوۋېت ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى گوركى، مايا كوۋىسكى ئىجادىيىتىمۇ ئۆزىگە بىر قاتار سىياسى چاقىرىق ۋە مەزمۇنلارنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاجايىپ توھپىلەرنى قوشقان ئىدى. جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىنقىلاۋى كۈرەشلەرنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا لۇشۈن، گومورۇ، ماۋدۇن ... قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار سىياسىنى ئۆز ئىچىگە سىڭدۈرۈپ غايەت زور ئىجتىمائى رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى. ئۇلۇق ئۇستاز لېنىن «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىگە شۇ قەدەر يۇقىرى باھا بەردىكى، ئۇنىڭ ئوينىغان ۋە ئوينايدىغان ئىجتىمائى رولىنى «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى» دىن تۆۋەن ئورۇنغا قويمىدى. لېنىن گوركىغا: «پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇق ۋەكىلى» دېگەن يۇقىرى باھانى بەرگەن. مايا كوۋىسكىنىڭ «مەجلىسۋازلار» شېئىرى سىياسى تەدبىر قوللىنىپمۇ ھەل قىلغىلى بولمىغان قۇرۇق مەجلىسۋازلىقنى تۈگۈتۈشتە ئاجايىپ ئۈنۈم كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە كۆرسىتىدىغانلىقىنى لېنىننىڭ ئۆزى مۇقىملاشتۇرغان. يولداش ماۋزېدۇڭ لۇشۈن ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئۇنى كوممۇنىزمچى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ سەركەردىسى، ئۇلۇق ئىنقىلابچى، مىللى قەھرىمان، دەپ تەرىپلىگەن. لۇشۈننىڭ يۆنىلىشى - جۇڭخۇا مىللىتى يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ يۆنىلىشى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ يەنە جوڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا قورال تۇتقان ئارمىيە بىلەن قەلەم تۇتقان ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ بولماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ بۇ نۇقتىئىنەزەرنى شەرھىيلىگەندە بۇ ئىككى قوشۇننىڭ قايسى بىرى كەم بولسا پۈتكۈل ئىنقىلاپنىڭ بىر قولسىز قالىدىغانلىقى بىلەن تەكىتلەشتۈرگەن.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماركسىزىم ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائى رولىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھېچقاچان سىياسىغا بېقىنغان، سىياسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا! تۇرغان ھالدىلا كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ، دەپ تار مەنىگە ئاپىرىپ چۈشەندۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائى رولى سىياسىنىڭ ئىجتىمائى رولى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش دېمىگەندىمۇ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتە پەرق ئۇنچە چوڭ بولۇپ كەتمىگەندەك، رىئال ھاياتقا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ زور ئىنقىلاپ (ئەلۋەتتە سىنىپىي كۈرەش) تەييارلايدىغانلىقى ۋە ئەشۇنداق تەييارلاشقا قاتنىشالايدىغانلىقى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىنغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى روسىيە دېموكراتىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ چار پادىشانىڭ كىرپوستنويلۇق سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشىدە قانچىلىك زور ئىنقىلاۋى رول ئوينىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئېنىق پاكىتقۇ؟

ئەلۋەتتە چار پادىشانىڭ كىرپوستنويلۇق سىياسىتىنى گۇمران قىلغان سەۋەپ تامامەن دېموكراتىك روس ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يىگانە توھپىسى ئەمەس. بۇ يەردە دېيىلمۇۋاتقىنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائى رولىنىڭ كىچىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىش ۋە بۇنداق رولغا سەل قارايدىغان ياكى يوققا چىقىرىدىغان كوز قاراشلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبا-

بارەت. 1976 ـ يىلى "5 ـ ئاپرېل» تيەنئەنمېن سىياسىي ھەركىتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن بىرىكىپ كەتكەنلىكىنى، «4كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئاغدۇرۇلىشىدا "تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نىڭ ئوينىغان غايەت زور ئىجتىمائىي رولىمۇ ئەنە شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن، سىياسىنىڭ ئىجتىمائىي رولىلا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىنىڭ تەركىۋى ئىچىدە ئۇنىڭ قاناتلىرى ئارىسىدا رول ئوينايدۇ، دەپ قاراش مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىي رولىنىلا ئويناپ چەكلەنمەيدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا مۇناسىۋەتلىك دائىرىدىن قارىغاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەلۇم سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىڭ كۆپ تەرەپلىك ئىكەنلىكىدىن دىققەتنى ساقىت قىلماسلىق كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەقەت بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپقا زەربە بېرىش ۋە يوقۇتۇشتىكى قۇرالىدىن ئىبارەتلا بولۇپ كەلگىنى يوق. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر مۇنچە ئەسەرلەر شۇنداق بولغان، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ ئەسەرلىرىمۇ شۇنداق، كىلاسسىك ئەسەرلەر ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھەببەت، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە چاقىرىلغان تېمىلارمۇ بار بولۇپ بۇ ئەسەرلەرنى بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇشىغا خىزمەت قىلدى، دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ كىلاسسىك ئەسەرلەردە تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال ـ پومېشچىكلار سىنىپىغا تەۋەلىرى كۆپ ساندا بولۇپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىن ئالغاندا فېئودال ـ پومېشچىكلار سىنىپىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق قىلىدىغانلار بار بولغاندەك پومېشچىكلار سىنىپى سىياسىتىنى گۇمران قىلىپ ئەمگەكچىلەر ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش ئارزۇسىدا بولغانلىرىمۇ بار، دېيىشكە ئاساسى يوق، ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئىسلام دىنى تەسىۋۋۇرىغا بېرىلگەن، ئىسلام تېئولوگىيىسىنى ئىدىيە ۋە ھېسسىيات ئاساسى قىلغان كىشىلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى تەۋە بولغان فېئودال ـ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، دېيىشكە بولمايدۇ، شۇنداقلا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئاممىسىنى دىنى تەرىقەتكە چاقىردى، دىنىكۆز قاراشنى تەرغىب قىلدى، دەپلا ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا سوپىزمنىڭ ئاتاغلىق تەرغىباتچىلىرىدىن بولغان خوجا ئەخمەت يەسەۋى، سوپى ئاللايار قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن ئىجادى دىيەرلىك دىنى سوپىلىقنى كۈيلەش، تەركى دۇنيالىقنى تەرغىب قىلدى، دىگەندەكمۇ ئەخلاق ۋە ۋاپا، ياخشىلىققا ئۈندەش··· تىمىلىرىدىكى ئەسەرلىرىمۇ بار ۋە تېپىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئەخلاق، ۋاپا بەزى ھاللاردا دىنى تېئولوگىيىگە زىت كېلىدىغان ئەخلاق ۋە ۋاپادارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇلاردىن بىلىش تەس ئەمەسكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسەتكە بېقىندۇ، سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دەپ قارىغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئىچىدىكى بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يۇقۇرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك ئىجتىمائىي سىياسىي رولىدىن تاشقىرى يەنە نۇرغۇنلىغان كۆپ تەرەپلىك رولى بولىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سىياسەتكىلا بېقىنىدۇ، دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ۋە ئەمەلدىمۇ جارى قىلدۇرالايدىغان كۆپ تەرەپلىك رولىنى چەكلەشكە ياكى تارايتىشقا ئېلىپ بېرىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن شۇئارنىڭ توغرىلىقى شۇ يەردىكى، خەلقىمىز سوتسىيالىزىم قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئالغا ئىلگىرىلىتىۋاتىدۇ. بۇنداق زور، مىسلى كۆرۈلمىگەن، ئۇلۇغۋار ئىشقا ھەممە ئىدىئولوگىيە ساھەسى خىزمەت قىلىۋاتقا. خەلق ئۆزىنىڭ ئەشۇنداق زور كۆلەملىك ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى سىياسىي تەرەپتىن كاپالەتلەندۈرۈلگەن ھالدا كۆرۈشنى خالاشتىن تاشقىرى، ئۆزلىرىنىڭ قەلبى، ھېسسىياتى، ئەقىدىسى ۋە ئەمەلىي ئىش ھەرىكىتىنى بەدىئىي زوقلىنىش ئارىسىدىن كۆرۈشكە تەشنا بولىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقىمىزنىڭ ئەشۇنداق تەشنالىقىنى قاندۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. سوتسىيالىزىم قۇرۇشتىن، ئالىي غايە، يۈكسەك نىشانغا خىزمەت قىلىشتىن چەتنەيدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ياقتۇرمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەت قىلىشى زۆرۈر بولغان دائىرە ئىچىدە سىياسىي بولسىمۇ، ئۇ سىياسىي، دېگەن بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ سوتسىيالىزىم قۇرۇۋاتقان خەلقىمىز ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماي خەلقنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان ئېھتىياجىغىمۇ ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ. سىياسىي گەرچە بەلگىلىك سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولسىمۇ شۇ بەلگىلىك سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا سىياسىي بولۇۋەرمەيدۇ. سىياسىي بەلگىلىك سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىيەلمەيدۇ. سىياسىي دېمەك ھەممە دېمەك، سىياسىي ھەممىگە ۋاكالەتلىك قىلالايدۇ دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ئۇ ماركسىزىم ئەمەس بولۇپلا قالماي بەلكى ماركسىزىمغا قارشى تارىخىي ئىدىيالىزىم نۇقتىئىنەزىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئوڭاي چۈشەنگىلى بولىدىغان پاكىت. خەلققە پايدىلىق بولغان ۋە زۆرۈر بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا قاراپلا، ئۇلارنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ۋە شۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم، دەپ تۇرۇۋېلىش سىياسىينىڭ فورمۇلالاشقان چاكىنا ئۇقۇمىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدە مەيلى زورلاش ياكى باشقا ۋاستىلار بىلەن سىياسىيغا خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىرى بار. لېكىن بۇنداق ئەسەرلەر ئاز بولۇپلا قالماي ئۆمرىمۇ ناھايىتى قىسقا بولۇپ كەلدى. مەسىلەن: تارىختىكى ئوردا شېئىرلىرى، خانىقا شېئىرلىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى شەكلى ۋە مەزمۇنى بىردەك بولمىسىمۇ خاراكتېرى ئوخشايدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئەشۇنداق ماھىيىتىنىڭ ئىسپاتى. مۇبادا ئەشۇنداق ئەسەرلەر ئىچىدە ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتقانلىرى بار، بەزىسى ھەتتا خەلق ئارىسىدا قېلىپ قالغان، قىسمەن بازىرى بار، دەپ قارالسا بۇ شۇ ئەسەرلەرنىڭ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ ھۆكۈم چىقىرىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئەكسىنچە بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن يارىتىلىپ ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىيسىنى ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش دائىرىسىگە قوشۇۋالغانلىقىدىن بولغان. بۇنى شۇ ئەسەرلەرنى ئەتراپلىق، قانۇنىيەتلىك تەھلىل قىلىش ئارقىلىق دەلىللەشكە ئىگە بولىدۇ.

ھازىرقى ۋاقىتتا يېزىلىۋاتقان ئاز ساندىكى تەشۋىقات ئەسەرلىرى قارىماققا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سىياسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، خەلقنى روھلاندۇرىدىغان سىياسى تەشۋىقات زۆرۈر بولغىنىدەك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭمۇ خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بۇنداق رىئاللىققا ماسلىشىشى زۆرۈر. لېكىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ پۈتۈن رولىنى بۇ ئارقىلىق يىغىنچاقلىۋېتىشكە، خۇلاسىلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. مەسىلەن: ھېيت-ئايەم، بايراملاردا يېزىلىدىغان شېئىر، سىزىلىدىغان رەسىم قاتارلىقلار شۇ كۈن، شۇ ۋاقىتلاردىكى كەيپىيات ئۈچۈن زۆرۈر. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ پۈتكۈل شېئىرىيەت، رەسساملىقنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشلا ئەڭ توغرا شوئار. چۈنكى ئۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ رولىنى ئەڭ كۆپ، ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ ئەتراپلىق جارى قىلدۇرالايدۇ. بىزمۇ بىر ئەسەرنىڭ خەلق تەلىپىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى، مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىگە بولۇشى ياكى ئىنكار قىلىنىشى ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالايمىز ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ئەسەر باھالاشتىكى ئۆلچەم قىلالايمىز.

خەلق مەنپەئەتى ئەڭ ئاۋۋال ماددى جەھەتتىكى مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئاندىن قالسا خەلققە ھوزۇر ھالاۋەت بېغىشلىيالايدىغان ھەممە نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مەنپەئەتلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىدىكى نەرسە ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات-سەنئەت خەلقنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. خەلق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغاندا سىياسىنىڭ ئۆزىنىمۇ باھالاشقا، ئۆلچەشكە ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئاساس بارلىققا كېلىدۇ. چۈنكى، «سىياسىمۇ ھەر خىل ھەر تۈرلۈك بولىدۇ» (لېنىن). بىز خەلق مەنپەئەتىنى ئالى ئۆلچەم قىلىپ خۇددى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالىغانغا ئوخشاشلا ھەر تۈرلۈك سىياسىنى باھالىشىمىز لازىم. خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان، خەلق مەنپەئەتىدىن ئايرىلغان ھەر قانداق سىياسى خۇددى تارىخ ئىسپاتلىغىنىدەك بەربىر مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئوخشاش خاراكتېردىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەغلۇپ بولغىنىغا ئوخشاش.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىز خەلق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ۋە خەلققە تېخىمۇ زور، تېخىمۇ كۆپ ماددى، مەنىۋى مەنپەئەت يارىتىپ بېرىدۇ. سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىش. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، بۇ تارىخى تەرەققىيات تەرىپىدىن مۇقەررەر ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپە. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كەڭ مەنادىكى ئۇقۇم. سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەردە ئۆزىگە مۇناسىپ دۇنيا قاراش، غايە ئەخلاق، خىسلەت، ئەقىدە، ئىرادە، ئېقىل، پاراسەت، جاسارەت، پەزىلەت ۋە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل مەنىۋى ھايات قارىشى بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەشۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە ئەنە شۇنداق تەرەپلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئۆزىنى بېغىشلىشى لازىم. شۇنداق قىلغانلىق سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ. خەلق سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەشۇنداق قىلغانلىق يەنە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقمۇ بولىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائى رولىنىڭ ئەمەلى ئۈنۈمىدىن قارىغاندا ئۆتكەنكى ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات-سەنئەت پەقەت سىياسى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىش بىلەنلا

چەكلىنىپ قالغانلىقتىن: شۇنداقلا، سىياسىينىڭ پەقەت بەلگىلىك سىياسىي ئىدىيە، سىياسىي يول دەپلا تار مەنىدە چۈشىنىلگەنلىكتىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت شۇ سىياسىي ئىدىيە ۋە سىياسىي يولنى تەشۋىق، تەرغىپ قىلىدىغان قورال، دەپ قارالغان ئىدى. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لۇشۈن ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىگە: "ئىنسان ھېسسىياتىنى كۆچۈرۈش"، "ئىنسان تەپەككۇرىنى ئۆستۈرۈش" دەپ تەبىر بەرگەن ئىدى. بۇ توغرا تەبىر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ رولى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھىي ماھىيەت بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن، بەلگىلىك سىنىپنىڭ غايىسىگە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك مەنىۋى پەزىلىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنداق ۋەزىپىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن باشقا ئىدىئولوگىيىلەرنىڭ ھېچقاندىقى ئورۇنلىيالمايدۇ. گوركى ئېيتقان "ئەدەبىيات ـ ئىنسانشۇناسلىق" ۋە ستالىن ئېيتقان يازغۇچى "ئىنسان روھىنىڭ ئىنژىنىرى" دېگەن سۆزلەرنىڭ ماھىيىتىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە.

ئەگەر بىر پارچە ئەسەر كىشىلەرگە مەلۇم سىياسىي ئۇقۇمنىلا بەرگەن، كىشىلەر ئۇ ئەسەر ئارقىلىق مەلۇم سىياسىي كۆز قاراش، نۇقتىئىنەزەرنىلا ئىگىلىۋالغان بولسا، ئەمما، يۈرەك قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بەلگىلىك تەۋرىنىشنى سەزمىسە، تەسىر پەيدا قىلمىسا، مەنىۋى پەزىلەت، ئەخلاق، ئەقىدە ھاسىل قىلمىسا، دېمەك بۇ ئەسەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە خاس ئومۇمىي رولنى ئوينىيالمىغان بولىدۇ. ئۇنى تولۇق بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلىنى ئارىيەت ئېلىپ يېزىلغان سىياسىي تەشۋىقات بويۇمى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەسەرنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى يوق، دەپ قارالمىسىمۇ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئىگە بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپ بويىچە قارىغاندا ئىنتايىن ئاز، تار دائىرىدىكى، بىر تەرەپلىمە شەرتنىلا ھازىرلىغان ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن بۇيان ئۆز رولىنى يوقاتمىغان، ھېلىغىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان ۋە كەلگۈسىدىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلەرنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇ يەردىكى، ئۇلار ئۇزۇنغىچە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سېلىپ، ھەر تۈرلۈك ئالىي جاناپ ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئەقىدىلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە شەكىللەندۈرۈشتىن توختىمىغانلىقىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەربىيىلەش رولى، بىلىش رولى ۋە ئېستېتىك زوقلاندۇرۇش رولىنى تولۇق تونۇش لازىم. نۇقۇل ھالدا تەربىيىلەش ۋە بىلىش رولىنى تەكىتلەۋېرىپ، ئېستېتىك زوقلاندۇرۇش رولىغا ئەھمىيەتسىز، دەپ قارىغاندا، ھەتتا ئۇنى چەتكە قايرىپ قويغاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رولىنى پەيدىن ـ پەي كىچىكلىتىپ سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ قورالى قاتارىدا ئىشلىتىش كېلىپ چىقىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدە، كۆپ تەرەپلىمە ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

## 3

ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە باھا بېرىشتىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. ئەدەبىي تەنقىتتە سىياسىي ئۆلچەمنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى باھالاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ قاراش ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن مۇھىم بىر مەسىلە.



AltunOq

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتە سىياسىي ۋە بەدىئىي ئۆلچەم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا سىياسىي ئۆلچەمنى يۇقۇرى ئورۇنغا قويۇش ھەتتا بىر دىن ـ بىر ئۆلچەم قاتارىدا كورۇش ئومۇمىيۈزلۈك بەلگىلىمىگە ۋە ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ئۆلچىمىگە ناھايىتى زور بىر تەرەپلىمىلىكنى تېڭىش بىلەنلا قالماي ئەدەبىي تەنقىتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ پايدىسىز بولۇپ كەلدى.

بۇرۇن بىز سىياسىي ئۆلچەم بىرىنچى ياكى بىردىن بىر ئۆلچەم، دىگەن بەلگىلىمە بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى باھالىغانلىقىمىزدىن مەلۇم بىر ئەسەر سىياسىي جەھەتتىن (ئەلۋەتتە بىر مەزگىللىك سىياسىي ۋەقە، سىياسىي ھەركەت، سىياسىي كۈرەش، سىياسىي يول قاتارلىقلار جەھەتتىن) يۇت دەسسەپ تۇرالمىسىلا، ئۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ھەر قانچە تۆۋەن بولغىنىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ئەسەر مۇقىملاشتۇرۇلدى. ئەكسىچە، سىياسىي جەھەتتىن (ئەلۋەتتە بىر مەزگىللىك سىياسىي ۋەقە، سىياسىي ھەركەت، سىياسىي كۈرەش، سىياسىي يول قاتارلىقلار جەھەتتىن) توغرا بولمىسا ياكى ھازىر جاۋاپ بولمىسا، بەدىئىلىكى ھەر قانچە يۇقۇرى بولغىنى بىلەنمۇ چەتكە قېقىش، ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇلدى. ئۆلچەم مەسىلىسىدىكى مۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ۋە ئەمىلى ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولىشى تۇپەيلىدىن ئوتكەن ۋاقىتلاردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە قاتماللىق، يۈكسۈلەلمەسلىك، سىخېما تىزىم، تەشۋىقات بويۇمى بولۇشقا قاراپ تېكىسلىنىش... قاتارلىق ھادىسىلار بەلگىلىك سالماقنى ئىگەللەپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققى قىلىشىنى بوغۇپ قويۇشتىن تاشقىرى كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تۇپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ بەلگىلىك زىيان كەلتۈردى.

بىز ئوتكۈر، شىددەتلىك سىنىپى كۈرەش ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋى ئۇرۇش ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتى يۇمران، گۆدەك ئىدى. بەدىئىي جەھەتتىنمۇ قوپاللىق، كەلەڭسىزلىك بولىشى تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا ئەكسىيەتچى سىنىپلار پرولېتارىيات ئەدەبىيات سەنئىتىگە مىڭبىر چارىلار بىلەن توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى. ھەتتا كەمسىتىش، ھۇجۇم قىلىشلارغىچە قىلىۋىتىشنى قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتمۇ-قات سىنىپى زۇلۇم، مىللى زۇلۇم تۇپەيلىدىن خەلق ئاممىسى مەدىنىيەتتە ئارقىدا قالغان، ئىستىتىك زوقلىنىش قابىلىيىتىمۇ تۆۋەنرەك ئىدى. شۇ سەۋەپتىن سىياسىي ئۆلچەمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ بەدىئىي ئۆلچەمنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈشنىڭ ۋە ئەشۇنداق ئۆلچەم تەرتىۋى بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى باھالاشنىڭ ئېنىقلىغا مۇۋاپىق تەرىپى بار ئىدى. شۇ دەۋر شارائىتتا بۇنداق ئۆلچەم تەرتىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئىجابىي رولىنى بولسىمۇ جارى قىلغان ئىدى. بىراق، مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ ئۆلچەم تەرتىۋى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىشنىڭ ئورنىغا ئەسەرلەرگە سىياسىي جەھەتتىن قاراش ۋە ئىلغار ئەسەرلەرنى سىياسىي جەھەتتىن قوغداشنى تەكىتلەشتە مۇناسىپ كەلمەيدىغان دەرىجىگە كوتۈرۈلۈپ مەلۇم ئەسەرلەرگە سىياسىي جەھەتتە قانداق پوزىتسىيە قوللىنىش مەسىلىسى ئەدەبىي تەنقىت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى. ئەمىلىيەتتە بۇ ئىككىسى بىر ئىش ھەم ئاپلانما سىلىغى، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. مەسىلەن: مەلۇم ئەسەر سىياسىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ بەدىئىلىگى جەھەتتە ناچار بولىدىغان بولسا، ئەدەبىي تەنقىت سىياسىي تەرىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بەدىئىلىگىنى ئىنكار قىلىش كېرەك.

ئەكسىچە مەلۇم ئەسەر سىياسىي جەھەتتىن خاتا، ھەتتا ئەكسىيەتچى بولۇپ بەدىئىيلىكى يۇقۇرى بولسا ئەدەبىي تەنقىت سىياسىي جەھەتتىكى خاتالىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، تەنقىت قىلىپ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشى مۇنداق يۇقۇرى بەدىئىيلىكنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە يېتەرلىك باھا بېرىشى، تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم. ھەر ئىككى ھالدا بىر تاياقتا ھەيدەشنىڭ دۈشمىنى بولۇپ ئىككى خىل تەرەپنى قارا - قويۇق ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە ياكى بىر تەرەپنىلا مۇقىملاشتۇرۇپ ئەسەرگە باھا قويۇشقا قارشى تۇرىدۇ. مەسىلەن: ماركس بىلەن ئېنگېلس 1859 - يىلى "سىكىنگىن" دىراممىسىنىڭ ئاپتورى لاسسالغا خەت يېزىپ دىراممىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىمۇ كۆرسەتكەن.شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كەمچىلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ماركس ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: "سىز قانداقلا بولمىسۇن شېكىسپىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىشىڭىز لازىم ئىدى. ئەمما ھازىر سىزنىڭ ئاساسلىق كەمچىلىكىڭىز، مېنىڭچە، ئايرىم شەخسنى دەۋر روھىنىڭ ئورنىدا كۆرۈلىدىغان يىگانە كانايلىق شىللېرىزىم" دېگەن ئىدى. ئېنگېلسمۇ:«شېكىسپىرنىڭ تىياتىر تەرەققىياتى تارىخىدىكى ئەھمىيىتىگە كۆپرەك دىققەت قىلىڭ » دېگەن . ئەمما بۇ لاسسال ئىشچىلار ھەركىتىدىكى جىخۇيجۇيى بولۇپ پەلسەپە ئىدىيىسى ئەكسىيەتچىل ئىدى. لېنىن ئۇنى "ئورۇشقاق ئىدىيالىست ۋە ئىلغار پەننىڭ دۈشمىنى" دەپ باھالىغان. لېنىن لىۋ. تولستوي ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالىغاندا تولستوينى روسسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى كەمچىلىكىنى "دۇنيادىكى ئەڭ سەسكەندۈرگۈچى نەرسە بولغان دىننى تەرغىپ قىلىدۇ" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدى سىياسىي بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ ئالدىنقىسىنى كېيىنكىسى بىلەن ھىساپلاشمايدىغان ھالەتتە مۇقىملاشتۇرۇلسا، بىر ئەسەر سىياسىي جەھەتتىن توغرا بولسىلا بەدىئىي جەھەتتىن قانداق بولۇشىنىڭ كارايىتى يوق، دەپ باھا بەرگىلى تۇرسا، بۇنداق باھاغا مۇيەسسەر بولالايدىغان يازغۇچى بولۇشتىن ئۇڭاي ئىش قالمايدۇ.ئەسلىدە، سىياسىي جەھەتتىنلا ئىشەنچىلىك بولىدىغان، بەدىئىيلىكى يوق نەرسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بولالمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى سىياسىي جەھەتتە پەرق قىلىپ، توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش، بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئىلمىي باھا بەرگەنلىك بولۇپ ھىساپلانمايدۇ. ئەسەر ئىدىيىسى توغرا بولغاندىمۇ ئۇ ئىدىيىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى، بۇ ئىدىيىنىڭ تۇرمۇش ماھىيىتىنىڭ يېڭى تەرەپلىرىنى ئېچىپ بەرگەن-بەرمىگەنلىكىنى، بۇ ئىدىيىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، ئۆستۈرگەن ياكى شۇنداق قىلالمىغانلىقىنى بۇ ئىدىيىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسەردىكى ئىدىيىنى سىياسىي خۇلاسىغا ئىگە قىلىپلا ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا باھا بېرىشتىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىش، دەپ قاراش بىر خىل ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، مەيلى مەزمۇنغا سىياسىي جەھەتتىن ھۆكۈم قىلىش بولسۇن ياكى ئومۇمىي مەزمۇنغا ئىلمىي جەھەتتىن باھا بېرىش بولسۇن تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەككى، ھەرگىز

مەلۇم بىر بەلگىلەنگەن سىياسى ئۆلچەمنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىپ ئەسەر مەزمۇنىنى كونكېرىتنى، چوڭقۇر تەھلىل قىلغاندا ئاندىن ئەسەرنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى چىن بولغان-بولمىغانلىقىنى، چوڭقۇر بولغان-بولمىغانلىقىنى، ئەسەر ئىپادىلىگەن ئىدىيىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقىنى، ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان-بولمىغانلىقىنى، ئىلغار ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چوڭ بولغان ياكى قانچىلىك دەرىجىدە كىچىك بولغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى ھەمدە شۇ ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى سىياسىدا قانچىلىك دەرىجىدە ئوينىغان رول ئوينىيالىشى مۇمكىنلىكىگە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، توغرا مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. پىلېخانوپ ۋە لۇناچارىسكىلار ئەدەبىي تەنقىت ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئەسەر مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىشنى «ئىجتىمائىي پەن تەھلىلى» دېگەن ئىدى. «ئىجتىمائىي پەن تەھلىلى» ماركسىزملىق دىئالېكتىكىلىق تارىخىي كۆز قاراش يېتەكچىلىكىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىقىش قىلىپ تەھلىل قىلىش، دېگەن بولىدۇ. ئەسەر ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قايرىپ قويۇپ، ئالدىن بېكىتىلگەن بىر نەچچە تەييار سىياسى ئۆلچەمگە سېلىپلا تەھلىل قىلغاندا، ئەسەر ئىچىدىن ئۆلچەمگە لايىق سىياسى جۈملىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا بېرىلىش يۈز بېرىپ ئەسەر ئۈستىدە توغرا مۆلچەر ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇش ھەتتا بىر مەزگىلدىن كېيىن يۈز كېلەلمەيدىغان، ئۆزى چىقارغان شۇ ھۆكۈمدىن ئۆزى خىجىل بولىدىغان ئەھۋال سادىر بولىدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئەدەبىي تەنقىتتە سىياسى ئۆلچەم بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ماركسىزمنىڭ نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئەسەرنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچىمى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىقلا بېكىتىلىدۇ. سىياسى ئۆلچەمنىڭ ئۆزدەۋ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. مۇبادا، مەلۇم ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا توغرا بولسىمۇ بېكىتىلگەن مەلۇم سىياسى ماددىلاردىن قارىغاندا خاتا بولسا بۇ يەردە ئىنكار قىلىشقا تېگىشلىكى ئەسەر بولماستىن بەلكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېلىقى سىياسى ماددىلار بولۇشقا تېگىشلىك. ئەگەر سىياسى ماددىلارمۇ توغرا بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئەسەرگە باھا بېرىش تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلسا ئاندىن توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ. تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا نوقۇل سىياسى ماددا ياكى شۇئارغا ئاساسلىنىپ يەكۈنلىمەك بىلەن ئەسەرگە باھا بېرىش سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزملىق ئىستىل بولىدۇ. خالاس!

لېكىن تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ئەسەر مەزمۇنىنى توغرا تەھلىل قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئەسەرنىڭ پۈتۈن قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ يەردە يەنە شەكىل ۋە بار. ئەسەر مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىشتىن تاشقىرى يەنە شەكىلنىمۇ تەھلىل قىلىش لازىم. چۈنكى ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئەسەر مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىر پۈتۈنلىكىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ قىممىتىنى يالغۇز مەزمۇنى ياكى يالغۇز شەكىلا بەلگىلىيەلمەيدۇ. پەقەت مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش بىلەن شەكلىنى تەھلىل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە قىلغاندا ئاندىن ئاخىرقى ھېساپتا ئەسەرنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. سىياسى ئۆلچەم بىرىنچى، سىياسى ئۆلچەم بىردىن بىر دېگەن ئاتالغۇ ئاددى ھالدا ئەسەرنىڭ سىياسى مەزمۇنىغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە

مەسىلىسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىتتىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، يەنە مەزمۇنغا باھا بېرىش بىلەن شەكىلگە باھا بېرىشنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىنىمۇ ئاجرىتىپ قاراشقا ئېلىپ باردى. مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن مەنىدىن ئالغاندا شەكىلنى مەزمۇن بېكىتىدۇ، شەكىل مەزمۇندىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن ئۇقۇم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئەدەبىي تەنقىتنىڭ مەزمۇننى بىرىنچى دەرىجىلىك نەرسە، شەكىلنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ناچارراق بولسىمۇ مەيلى دېگەن خۇلاسە چىقىرىشقا يول قويۇدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە شەكىل سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە. سەنئەتكارلارنىڭ سىياسىئون، ئاخباراتچىلاردىن پەرقى شۇ يەردىكى، سەنئەتكار مەلۇم ئىدىيىنى گۈزەل، ھاياجانغا سالىدىغان شەكىل بىلەن ئىپادە قىلالايدۇ. سىياسىئونلارنىڭ نەزىرىيىۋى ماقالىلىرى، ئاخباراتچىلارنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ شەكلىگىمۇ ياخشى بولۇش تەلەپ قىلىنسىمۇ ئەمىلىيەتتە قوللانغان شەكلىنىڭ ياخشى، ناچارلىقى ماقالە ۋە خەۋەرلەرنىڭ ئىلمىلىكىگە، راستچىللىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ بەدىئىي ئەسەر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى تاللىغان شەكلىنىڭ ياخشى-يامانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ھەر قانچە توغرا بولغان بىلەن شەكلى ناباپ، قولاشمىغان بولسا بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ئەكسىنچە بەدىئىي ئەسەرلەر ئۇنچە زور چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولمىسىمۇ ھەتتا ئىدىيىۋى مەزمۇندا يېتەرسىزلىكلەر بولغاندىمۇ ئۇ ئەسەرنىڭ ياخشى، گۈزەل، يېڭى، نەفىس بەدىئىي شەكلىنى قوللىنىشى بىلەن بىز ئۇ ئەسەرنىڭ ھەققىي بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. پىلخانوپ "ئادرېسسىز مەكتۇپلەر سەنئەتۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش" دېگەن ئەسەرىدە، كىمكى "ئىدىيە ئۈچۈن" شەكلىنى قۇربان قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن، ئۇ يەنە سەنئەتكار ئەمەس. ھەتتا ئۇ ئىلگىرى سەنئەتكار بولغان تەقدىردىمۇ" دەيدۇ. بۇ شەكىلنىڭ بەدىئىيلىكتىكى مۇھىملىقىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان ئىنتايىن توغرا تەدبىر. ئەلۋەتتە شەكىلنى دەپ مەزمۇننى قۇربان قىلىۋېتىدىغان، شەكىل ئۈچۈن مەزمۇنسىز يېزىلغان ئەسەرلەرگىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى شەكىل بىلەن مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈش بولۇپ ئەسەر شەكلى "ھېچ-ۋەقەسى يوق" نەرسە ئەمەس، دېگەنلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەنقىتتە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىگە ئايرىپ قارايدىغان خاھىشقا يول قويۇلمايدۇ.

دېمەك ئەدەبىي تەنقىتتە ئەدەبىيات-سەنئەتكە باھا بېرىشتە سىياسىي ئۆلچەم بىرىنچى ياكى بىردىن بىر ئۆلچەم سىياسىي كۆز قارىشىنى قوللىنىش ئىلمىي ئەمەس. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سىياسىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىمۇ بەدىئىي قانۇنىيەتكە بويسۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەدىئىي قانۇنىيەتنى قۇربان قىلىپ ئەدەبىيات-سەنئەتنى سىياسىيغا خىزمەت قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بەدىئىي قانۇنىيەتلەر دەپسەندە قىلىنغاندا ھەر قانچە ئورۇنغان بىلەنمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنى بەربىر سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر زومۇ-زو خىزمەت قىلدۇرىمەن دەپ چىڭقىلىغان بىلەن بەدىئىي قانۇنىيەتنى ئاياق-ئاستى قىلغان ياكى بەدىئىي قانۇنىيەتنى ئاياق-ئاستى قىلىش بەدىلىگە يارىتىلغان بۇنداق ئەدەبىيات-سەنئەت بەدىئىيلىكىنىڭ ئۆزىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپلا قالماي سىياسىي ئۈچۈنمۇ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ.

ئومۇمەن ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇغاندا ۋە ئەمەلى-



AltunOq

يەتتە توغرا بىر تەرەپ قىلىنغاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يولداش دېڭشياۋپىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە: "ئەدەبىيات ـ سەنئەتتەك بۇنداق مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا بەكمۇ مۇھتاج، نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش مەسىلىسىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر سەنئەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىزدىنىشى ۋە بارا ـ بارا ھەل قىلىشى لازىم." دەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزى پارتىيىمىزنىڭ ئەدىبىيۋى خىزمەتتىكە ۋە ئەدەبىيات سەنئەت خىزمىتىگە ئۇزاقتىن بۇيان رەھبەرلىك قىلىپ ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆزلەر نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرى ئىزدىنىپ ھەل قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا سىياسىي يول، سىياسىي كۆرەش، سىياسىي ۋەقە، سىياسىي شۇئارلارنىلا يېزىشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىن ـ بىر ۋەزىپىسى، دەپ قارايدىغان كونا، بىر تەرەپلىمە، ئىلمىي بولمىغان مۇقامنىڭ قايتىلانمايدىغانلىقىنى جاكالىدى. شۇڭا بىز ماركسىزمنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن مۇنداق مۇھىم بىر ھەقىقەتكە ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئاساس ئۈستىدىكى ئۈستقۇرۇلما بولۇپ ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىقتىسادىي بازىس قىلىپ بەلگىلەيدۇ؛ سىياسىي ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەر قانچە تەسىر قىلغان بىلەنمۇ ئەسلىدىن ئېيتقاندا سىياسەمۇ ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: "سىياسىي ھوقۇق ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان ۋاستىدىنلا ئىبارەت." سىياسىي كۆرەش "ئىگىلىكتىن ئېيتقاندا ئىقتىسادىي ئازاتلىقنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ" («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 توملۇق) سىياسىي ئەڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلىيەلەيدۇ. ئۇ پەقەت ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى رولىدا ئوتتۇرىدا تۇرىدىغان مۇھىم ھالقا بولالايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزچە ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ۋە ئىزاھلار:

«ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 توملۇق، خەنزۇچە، خەلق نەشرىياتىنىڭ نەشرى،

«ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەدەبىيات توغرىسىدا»، خەنزۇچە، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ نەشرى.

ماۋزېدۇڭ:«يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 ـ توم.)

دېڭشياۋپىڭ: «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 4 ـ نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆز» («ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1979 ـ يىللىق 11 ـ، 12 ـ سانى)

خۇچياۋمۇ: «ھازىرقى ئەدەبىيۋى سەپتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» (1981 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سۆزلەنگەن. «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانى)

ليۇبىنگيەن : «ئادەم ـ مەقسەت، ئادەم ـ مەركەز »(«ئەدەبىي ئوبزور» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىل 6 ـ سانى)

ليۇگاڭجى : «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى »(ئەدەبىي ئوبزور » ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىل 2 ـ سانى

# «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن قارا خانىلار دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نەزەر

ئەسقەر ھۈسەيىن

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا «ئالتۇن دەۋر» دەپ ئاتالغان قارا خانىلار دەۋرى 372 يىل (ئاز كەم 4 ئەسىر) داۋام قىلىپ، شەرق مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆزىنىڭ مول ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەت گەۋھەرلىرىنى تەقدىم قىلدى. جاھان مەدەنىيىتى تارىخىدا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان بۇ تۆھپىلەر جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ «مەدەنىيەت يارىتىشتا ئالاھىدە ئىنسانلار گۇرۇھى» دېگەن ئادىل باھاسىغا سازاۋەر بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېقىل-پاراسەت ۋە ئىجادكارلىق جەھەتتىكى يۈكسەك كامالىتىنىڭ دەلىلىدۇر.

قارا بالغاسۇننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، باشقىچە ئېيتقاندا 839-يىلدىكى چوڭ سىياسى پەسلەشتىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن قارا خانىلار خانلىقى بۇ خانلىق تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ سىياسى ۋە مەدەنىيىتى ھاياتىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىلگىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلىلەر تەدرىجى ھالدا شەھەر ۋە يېزىلاردا ئولتۇراقلىشىپ، بۇ جايلاردا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سانائەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. يەرلىك سانائەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ گۈللىنىشى، مەملىكەت ئىچىدىكى شەھەرلەر بىلەن شەھەرلەر، دۆلەت ئىچى بىلەن دۆلەت سىرتى ئارىسىدا بولغان سودا ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ قويۇقلىشىشى، كۆندىن-كۈنگە راۋاجلىنىۋاتقان چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر-بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نەتىجىسىدە شەھەرلەر مەركەزلىكىدىكى فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت پەيدىن پەي يۈكسىلىپ، يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ماس ھالدا باي ۋە خىلمۇ-خىل شەھەر ماددى ۋە مەدەنى ھاياتى بارلىققا كەلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ خىل ماددى ۋە مەدەنى ھايات پورماتسىيىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت،

يەرلىك سانائەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە زور يېڭىلىقلار ۋە كەشپىياتلار مەيدانغا كەلدى.

كېيىنكى ئەسىرلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈشلەر ھەمدە باشقا تارىخى پاكىتلار ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋردە ياراتقان يېڭىلىق ۋە كەشپىياتلارنى تولۇق ئاساسلاپ بېرىشتە قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» مۇ بىزنى بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە قىلىشتا شۇنچىلىك زور قىممەتكە ئىگە. قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىشەنچلىك شاھىدى بولۇشتىن تاشقىرى، بۇ ھەقتىكى باشقا تارىخى پاكىتلارنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ، بەلكى بەزى جەھەتلەردە بۇ خىل تارىخى پاكىتلاردىن ھالقىپ كېتىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى ۋە غۇرۇرى بولغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۆلمەس شاھ ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى يېزىپ بىزگە مىراس قالدۇردى. ئۇلۇغ ئالىم 10–12-ئەسىرلەردە ئۆتكەن قاراخانىلارنىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادى ۋە يۈكسەك مەدەنى ھاياتىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلانغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يىقىلماس پىرامىدىسى بولغان بۇ ئەسىرىدە، قاراخانىلار دەۋرىدىكى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار)نىڭ تارىخىنى، ئېتنولوگىيىسىنى، سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنى ھاياتىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقى چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ئەترەپلىق تونۇشتۇرۇپ بەردى.

«تۈركى تىللار دىۋانى» گەرچە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولمىسىمۇ، ئۇنى نوقۇل ھالدا ئەرەبلەرنىڭ تۈركى تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا يېزىلغان سېلىشتۇرما لۇغەت دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، بىز ئۇنىڭدا شەرھلەنگەن باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ ماددى ۋە مەدەنى ھاياتىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان پاكىتلارغا ئىگە بولالايمىز. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىز بۇ قامۇس ئارقىلىق قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغان تۈركى خەلقلەرنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، تېبابەتچىلىك، كالىندارچىلىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، سودا ۋە پۇل مۇئامىلىسى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ھەم ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ۋە مول مەلۇماتلار بىلەن تونۇشالايمىز.

ھەممىگە ئايانكى، تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى. بىر خەلقنىڭ تىلى شۇ خەلق ياشىغان ھەر بىر دەۋردىكى ئىجتىمائى جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ماددى ۋە مەنىۋى پورماتسىيىسىگە تەۋە بولغان ھەممە چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ بەرگۈچى قۇدرەتكە ئىگە. ئۇنداق بولىدىكەن ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا نەقىل كەلتۈرگەن تىل پاكىتلىرى قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغان تۈركى خەلقلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار)نىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ھاياتىغا ئائىت بولغان چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملارنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە شەك يوق. بۇ مەنىدىن ئالغاندا «دىۋان»دا كەلتۈرۈلگەن باي تىل ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ماددى ۋە مەنىۋى تەرەققىياتىنى كۆرۈپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن گۇمانلىنىشقا ھېچكىم ھەقلىق ئەمەس.

تۆۋەندە بىز پەقەت «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 1-تومىدىكى تىل ماتېرىياللىرىغا

ئاساسەن، قارا خانىلار دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ ئۆتەيلى:

## 1. يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت مەلۇماتلار

كۇچاردىن تاكى جەيھۇن (ئامۇ دەريا) نىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا قەشقەر ۋە بالا ساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان قارا خانىلار خانلىقىنىڭ ئومۇمى تېررىتورىيىسى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى رايونلار، ماۋارە ئۇننەھر رايونى، تالاس، فاراپ (ئوترار)، قەشقەرىيە، خوتەن، تاكى قارا قۇرۇمغىچە بولغان كەڭ زېمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قارا خانىلار تەۋەلىكىدىكى بۇ رايونلارنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ قەشقەرىيە، يەتتە سۇ، ماۋارە ئۇننەھر رايونى تۇپرىقى مۇنبەت، سۇيى ئەلۋەك يەرلەر بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا تولىمۇ باپ ئىدى. بۇ جايلاردا بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىق ئاساسى زىرائەتلەردىن باشقا، ئارپا، تېرىق، كەندىر، قۇلماق، كېۋەز، مايلىق دان قاتارلىق زىرائەتلەرمۇ تېرىلاتتى. باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك، كۆكتاتچىلىق قاتارلىقلارمۇ راۋاجلانغان بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ پاختا، يىپەك، ئۈزۈم، قوغۇن، ئالما قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى پۈتكۈل شەرققە مەشھۇر ئىدى. بۇ يەرلەردە ئۆز زامانىسىغا كۆرە ئىلغار سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، كەڭ سۇغۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. دېھقانچىلىقمۇ ئەينى دەۋردىكى باشقا جايلارغا نىسبەتەن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. دېھقانچىلىق قىلىشتا ئۆز ئارا لاپقۇتلىشىش-ھەمكارلىشىش ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى قوللىنىلاتتى.

«تۈركى تىللار دىۋانى»غا يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت نۇرغۇن سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ يۇقۇرقى كۆز قارىشىمىزنى تولىمۇ پاكىتلىق ئاساستا دەلىللەپ بېرىدۇ. بىز بۇ سۆزلەردىن تۆۋەندە نەمۇنە كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

لۇجنۇت لۇجنۇت، لاپقۇت، بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دانلارنى يەنچىشتە يېزا خەلقىنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى، ئۇلار ئادەتتە خامان ۋاقتىدا بىر-بىرىگە بىرەر ئۇلاق بىلەن ياكى ئادەم بىلەن ياردەم بىرىدۇ. كەنجەكچە①

سەپەن ساپان، قوش ②

ئەمەج ئاماچ، بۇقۇسا، ياغاچ ساپان③

ئىسوب ئوپ- خامان تېپىشكە قېتىلىدىغان ئوكۇزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوكۇز. ئارغۇچە④

ئوكۇر ئوگۇر: ئۇگۇرى-كۇنجۇت. ئوغۇزچە⑤

ئىسەربا ئارپا، ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئەرباسىز ئەت ئەشۇماس، ئەرقاسىز ئەلبجەرىك سىيۇماس- ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يەمىرەلمەس…⑥

قۇملاق قۇملاق- قۇلماق. ئېچىچاق يۇرتلىرىدا ئۇسىدىغان ھەشەقپىچەككە ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ شاراپ ياسىلىدۇ…⑦

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 590-بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 523- بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 73 - بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 48 - بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 76- بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 167- بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 620-بەت.



AltunOq

قاغۇن    قاغۇن- قوغۇن…①

ئوغلى    ئوغلى- قەشقەردە تېرىلىدىغان تاتلىق ئاق سەۋزە،②

سەرمۇسەق    سارمۇساق-ساماساق ③

ئەرۈك    ئەرۈك- شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە قارا ئۆرۈككە ئوخشاش مېۋىلەرنىڭ ئومۇمى نامى. بۇ مېۋىلەر بىرەر سۈپەت بىلەن ئايرىپ ئېيتىلىدۇ: تۈلۈگ ئەرۈك- شاپتۇل، سارىغ ئەرۈك- سېرىق ئۆرۈك، قارا ئەرۈك- قارا ئۆرۈك④

ئەرمۇت    ئارمۇت-ئامۇت⑤

ئەمشۈي    ئامشۈي-ئالىگمرات⑥

ئەلۈج    ئالۇچ-ئالۇچا ⑦

ئەلما    ئالما-ئالما…⑧

مەشىج    مەشىج: مەشىج ئۈزۈم-قارا ئۈزۈم⑨

ئەدەقلىق    ئادىقلىق-ئۈزۈملۈك باغلاردا بېدىشقا تىرەك قىلىنىدىغان ياغاچ⑩

قاغىل    قاغىل-ئۈزۈم نوتىلىرىنى باغلايدىغان تال چىۋىق⑪

جەنىشتۈرۈك    جەنىشتۈرۈك-جىنەستە، بۇنىڭ چوڭلىقى پىندىقتەك بولۇپ، باش يازدا پىشىدۇ، مېۋىسى ئاق ياكى قىزىل بولىدۇ، يېيىلىدۇ.⑫

كۈرىن    كۈرىن-كوشۇك. قوغۇن-تاۋۇز، تەرخەمەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىلەرنى توشۇيدىغان كاجۇۋا⑬

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا شەرھىلەنگەن يۇقۇرقى بىر بولۇك سوزلەر قارا خانىلار دەۋرى يېزا ئىگىلىگىنىڭ گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسىنى قىسمەن تەرەپلەردىن بولسىمۇ ئىسپاتلاپ بەرگۈچى تەۋرەنمەس پاكىتلاردۇر.

## 2. چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇققا ئائىت مەلۇماتلار

قارا خانىلارنىڭ تېرىتورىيىسى دېخانچىلىق قىلىشقا باپ بولۇشتىن تاشقىرى تاغ، ئورمان، توقاي ۋە پايانسىز يايلاقلارغىمۇ ئىگە ئىدى. ئەسلىدە چارۋىچىلىقنى ئاساسى كەسىپ قىلىپ، دېخانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىش ئارقىلىق تۇرمۇش كوچۇرگۈچى تۈركى خەلقلەر قارا خانىلار دەۋرىگە كەلگەندە دېخانچىلىقنى ئاساسى كەسىپ قىلىپ، چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ بىر قىسمى يەنىلا چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار قارا خانىلار تېرىتورىيىسىدىكى پايانسىز يايلاقلارنى كېزىپ، ئۇ جاي-

① تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 532- بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 175 - بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 683- بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 94- بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 182- بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 155- بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 164- بەت. ⑧ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 176- بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 467- بەت. ⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 202- بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 531- بەت. ⑫ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 686- بەت. ⑬ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 525- بەت.

لاردا ئۇزلىرىنىڭ چارۋا ماللىرىنى يايلىتاتتى. قارا خانىلار دەۋرىدىكى چارۋىچى تۈركى خەلقلەر ھەققىدە ئەرەپ تارىخچىسى ئىبنۇلئەسىر: "ئۇلار يازدا ۋولگا بويلىرىغىچە بېرىپ مال يايلىتىپ، قىشـنى بالاساغۇندا ئۆتكۈزەتتى" دەپ يازغان ئىدى.

قارا خانىلار دەۋرىدە چارۋا تۈرلىرىدىن قوي، كالا، قوتاز، ئات، قېچىر، ئېشەك قاتارلىقـلار بېقىلاتتى، بۇلار ئىچىدە ئات يېتىشتۈرۈش ئاساسى ئورۇندا تۇراتتى، چۈنكى ئات قارا خانىلار دەۋرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى تۇرمۇشىدا ئەڭ مۇھىم ۋاستە ئىدى، بىز «تۈركى تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تىل ماتېرىياللىرى ئىچىدىكى چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەرگە ئاساسـلىنىپ، قارا خانىلار دەۋرى چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرۈپ يېتەـلەيمىز:

ئۆكۈر   ئۆگۈر ـ ئۆيۈر، توپ، قوي، كىيىك، تۆگە قاتارلىق تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ، چىل ۋە كەكلىك قاتارلىق قۇشلارنىڭ توپى①

سىغىر   سىغىر ـ سېيىر، كالا... سۇۋ سىغىرى ـ سۇكالىسى②

قوتۇز   قوتۇز ـ قوتاز③

قەتىر   قاتىر ـ قېچىر ④

ئوغۇر   ئوغۇر: ئوغۇر ئات ـ قاشقا ئات... ⑤

ئوكۇش ئوكۇش: ئوكۇش يىلقى ـ تۇسۇن يىلقا ⑥

ئوزۇق ئوزۇق: ئوزۇق ئات ـ ئۆزار ئات، بەيگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا باشقا ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات⑦

ئەرىك   ئەرىك: ئەرىك يىلقى ـ يورغا يىلقى ئويناق ئاتمۇ «ئەرىك ئات» دېيىلىدۇ ...⑧

ئۇلاغ   ئۇلاغ ـ بەگنىڭ بۇيرىقى بىلەن يۈرىدىغان تىز پوچتىنىڭ بىكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىلىدىغان ئېتى⑨

قارا خانىلار دەۋرىدە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چارۋا مال دوختۇرلۇق كەسـپىمۇ تېز راۋاجلانغان ئىدى. بۇ خىل مال دوختۇرلۇق كەسپىنىڭ نىشانىسى خانلىقنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم ۋاستە بولغان ئات يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى ئاسراشقا قارىتىلاتتى. بۇ دەۋردە ئاتلاردا بولىدىغان بىر بولۇك كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ بىر يۈرۈش رېتسېپى ئىشلەپچىقىلغانلىقى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئوچۇق كۆزگە تاشلىنىدۇ. مەسىلەن:

جىلدەك   جىلدەك ـ ئاتنىڭ كوكسىگە چىقىدىغان بىر خىل چىقان، ئۇنىڭدىن سېرىق سۇ بىلەن يىرىڭ ئاقىدۇ. داغلىسا ساقىيىدۇ.⑩

ئەتلكان   ئەتلكەن ـ ئاتلاردا بولىدىغان بەز كېسىلى، بەز يېرىلىش بىلەن ساقىيىدۇ...⑪

ئەگدۇز   ئەگدۇز، ئەندىز. يەردىن قېزىۋېلىنىپ، ئاتنىڭ قوساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر خىل يىلتىز...⑫

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 76-بەت. ②تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 471-بەت. ③تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 473- بەت. ④تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 471 - بەت. ⑤تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 74- بەت. ⑥تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 84 - بەت. ⑦تۈركى تىللار دىۋانى1 - توم، 90 - بەت. ⑧تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 95- بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم ، 165 - بەت. ⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 623 - بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 214 - بەت. ⑫ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم 156 - بەت.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن يەنە نۇرغۇن سۆزلەردىن قارا خانىلار دەۋرىدە چارۋىچىلىق بىلەن بىرگە ئوۋچىلىقنىڭ ھەم تەرەققىي قىلغانلىقىنى كورۇپ يېتەلەيمىز. بۇ خىل ئوۋ مەھسۇلاتلىرى كۈندۈلۈك تۇرمۇش، تاشقى سودا - ئالاقە ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە يەنە بېلىقلارنىڭ تۈرلىرى، بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تور ۋە قارماقلار ھەققىدىمۇ بەزى نەقىللەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئەينى دەۋردە ئىلى دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋە سىر دەريالاردا مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىنكاسىدۇر.

## 3. سانائەتكە ئائىت مەلۇماتلار

قارا خانىلار دەۋرىدە سانائەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، سەۋىيە جەھەتتە ئاسىيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ئۆز سانائىتىگە خېلى بۇرۇنلا ئاساس سالغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر بۇ دەۋرگە كەلگەندە مەدەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، ئەينەكچىلىك، ساپالچىلىق قاتارلىق سانائەتنىڭ تۈرلۈك خىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خېلىلا ئۈستۈن سەۋىيە ياراتقان ئىدى.

مەدەنچىلىك، كانچىلىق قارا خانىلار خانلىقىدا ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بىر خىل سانائەت تۈرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا خېلىلا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولىشىچە، قارا خانىلار ئېلىدە ئالتۇن، كۈمۈش، تومۇر، كومۇر، مىس، قەلەي، سىماپ، زۇمرەت، تاشپاختا، قىزىل ياقۇت، قاشتېشى، نوشۇدۇر قاتارلىق مەدەنلەر قېزىپ چىقىرىلغان ۋە ئىشلىتىلگەن. تۈرلۈك ئۇرۇش قوراللىرى، زىرىھلىق كىيىم - كېچەك، ئىگەر جابدۇقلىرى (ئالتۇن ئىگەر جابدۇقلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، ئاشخانا ئەسۋاپلىرى (قازان، چىراق، چىراقپايە) ۋە ھەر خىل مەدىنى بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تىرمىز مىتالچىلىق كارخانىسىنىڭ 8 ئىگىلىتار دائىرىدىكى خارابىسىمۇ قارا خانىلار دەۋرىدە تەرەققىي قىلغان مىتالچىلىق سانائىتىنىڭ ئىشەنچلىك گۇۋاچىسىدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنچىلىك تەرەققىياتىنى كورسىتىپ بېرىدىغان خېلى كوپ سوزلەر بېرىلگەن:

بەرخان بارخان - تۇۋەنكى چىننىڭ نامى. قەشقەرگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى قورغان. بۇ تاغنىڭ ئاستىدا ئالتۇن كان بار①

كىمسان⋯ كىمسەن - زىننەت ئۈچۈن دوپپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە تاقىلىدىغان ئالتۇن قاداق ②

كۈمۈش كۈمۈش - كۈمۈش...③

ئۈستەم ئۈستەم - ئىگەر ۋە كەمەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن ئۇلارغا بىكىتىلىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش زىننەت بويۇملىرى...④

ئوكمەك ئوكمەك - خوتۇنلار قۇلىقىغا تاقايدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا. زىرە⑤

---

① تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 567 - بەت. ② تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 570 - بەت. ③ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 480 - بەت. ④ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 145 - بەت. ⑤ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 142 - بەت.

بەقەن باقان ـ بويۇن ھالقا، چەمبەر، ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا ①

بوغمەق بوغماق ـ بۇ نەرسە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ، ئۈستىگە قىممەت باھا تاشلار ۋە مەرۋايىتلار ئورنىتىلىدۇ، ئىككى كېچىسى ياسانغان كېلىنگە تاقاپ قويۇلىدۇ②

سۈزۈك سۈزۈگ ـ سۈزۈك ··· ياقۇت ۋە ياقۇتقا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ «سۈزۈگ» دېيىلىدۇ③

كەبەك كەپەك ـ كېپەك، ئۇششاق مەرۋايىت ... ④

تىزىلدۈرۈك تىزىلدۇرۇك ـ ئوتۇكنىڭ تۈمشۇغىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان تەڭگىلەر ⑤

جۈزىن چوزىن ـ جەز، بىر خىل مىس... ⑥

بەقىر باقىر ـ مىس ... ⑦

تەمۈرلۈك تەمۈرلۈك ـ تۆمۈر ئېرىتىدىغان يەر ... ⑧

ئەرق ئارق ـ چىقىرىندى تاشلاندۇق، تەمۈر ئەرقى ـ تۆمۈر چىقىرىندىسى، تۆمۈر پوقى⑨

ئەگىش ئەگىش ـ ئۇگۇش، داشقال، مەدەنلەرنى ئېرىتكەندە قېپقالغان چىقىرىندە⑩

ئوتۇك ئوتۇك ـ دەزمال ھاندۇۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە تۆمۈر. كىيىمنىڭ چاكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ باسىدۇ⑪

قوغـۇش قوغۇش ـ ئوقنى سىلىغلاش ۋە تەكشىلەش (بىر خىل ئولچەمگە كەلتۈرۈش) ئەسۋاۋى⑫

قارا خانىلار دەۋرىدە توقۇمىچىلىق سانائىتىمۇ تەرەققى قىلغان بولۇپ، سەمەرقەنت، بۇخارا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار خانلىقنىڭ توقۇمىچىلىق سانائەت مەركەزلىرى ئىدى. بۇ جايلاردا توقۇلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئىچكى بازارلارنى تەمىنلەشتىن تاشقىرى چەتكە چىقىرىلاتتى. سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل رەڭلىك گەزلىمىلەر، يىپەك، يۇڭ، كەندىرلەردىن ئەلا سۈپەتلىك شايى، تاۋار ـ دۇدۇنلار، يۇڭ ۋە كەندىر رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلسا، قەشقەر ۋە خوتەنلەردە بوز توقۇمىچىلىقى، يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، بوياقچىلىق (گۈل بېسىشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سانائەتلىرى گۈللەنگەن ئىدى، شۇ قاتاردا كون، خۇرۇم ئىشلەش سانائىتىمۇ تەرەققى تاپقان ئىدى.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا قارا خانىلار دەۋرىدىكى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى مۇنداق سۆزلۈكلەر بار:

كىمىشكا كىمىشكە ـ قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاز⑬

ئـوكۈك ئوكۈك ـ پوپۇك، تەكىينىڭ بېشىغا بېكىتىلىدىغان يىپەك چالا.⑭

ئـۇلاتـۇ ئۇلاتۇ ـ بۆرۈن ئەرتىدىغان يىپەك قولياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ⑮

ئــەي ئاي ـ توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت⑯

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 519- بەت. ②تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 610 ـ بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 506 ـ بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 107 ـ بەت.⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 686 ـ بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 532 ـ بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1 توم، 467- بەت. ⑧ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 659 ـ بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 60 ـ بەت. ⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 165 ـ بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 93 ـ بەت. ⑫ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـتوم، 638 ـ بەت. ⑬ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 183 ـ بەت. ⑭ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 183 ـ بەت. ⑮ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 56 ـ بەت.



Altun0q

ئەشۈك — ئەشۈك-كوشۈك، يوپۇق. خانلار ۋە بەگلەر ئۆلگەندە، ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرى ئۈستىگە يېپىلىپ، كېيىن كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان يىپەك يوپۇق①

جۈز — چۈز - زەرباپ. چىندا ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك، زەر بېسىلغان يىپەك رەخت②

قەرس — قارس — يۇڭ چەكمەن چاپان. تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىيىم③

بۇتەر — پۇتار — «بەردى» دېيىلىدىغان رەختنى توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇش يىپ④

كىزىز — كىزىز — كىگىز.⑤

كىۋىز — كىۋىز — گىلەم⑥

كوزەك — كوزەك — كامان. بوز ياكى گىلەم توقۇشتا ئارقاق بىلەن ئۇرۇشنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئەسۋاپ⑦

كەمەك — كەمەك — بىر خىل گۈللۈك يىپ رەخت. بۇنىڭدىن يېپىنچا قىلىنىدۇ، قىپچاقلار بۇ رەختتىن يامغۇرلۇق تەييارلايدۇ.⑧

جىكىن — چەكىن: چەكىن يىپى، مەشۇت يىپ⑨

جىكسىن — چەكىن — چەكمە يىپەك رەختكە زەر بېسىش⑩

تەختۇ — تاختۇ — ئىلگىرىلىگەن مەشۇت⑪

ئەتۈكلۈك — ئەتۈكلۈك: ئەتۈكلۈك ساغرى — ئۆتۈكلۈك قىرۇم، ئۆتۈك تىكىدىغان قىرۇم⑫

قەغەزچىلىك سانائىتىمۇ قارا خانىلار دەۋرىدە تېز راۋاجلىنىپ، يىپەك قەغەز ئىشلەش دەرىجىسىگە كوتۈرۈلدى. ھەتتا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەغەزلەرمۇ شۇ ۋاقىتنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلدى. «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى:

بۇرتا — بۇرتا — ئالتۇن ۋەرەق، زەر ۋەرەق⑬ دېگەن قۇرلار بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر.

قارا خانىلار دەۋرىدە ئەينەكچىلىك، ساپالچىلىق، كاھىشچىلىق قاتارلىق سانائەتلەرمۇ تەرەققى قىلدى. ئەينەكچىلىك سانائىتىدە بوتىلكا، سىيادان، ھەر خىل شەكىلدىكى قەدەھلەر، تەخسە ھەر خىل مەدىنىيەت بويۇملىرى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلسا، ساپالچىلىق سانائىتىدە تۈرلۈك رەڭدىكى نەقىشدا قاچا-قۇچا، كوزا، ئىشرىق، گۈلدان، سىرلىق قىش (كاھىش) قاتارلىق بويۇملار ئىشلىنەتتى.

«تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى بىر مۇنچە تىل ماتېرىياللىرى كېيىنكى دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخىلوگىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ قارا خانىلار دەۋرىدىكى ئەينەكچىلىك، ساپالچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى خۇلاسىلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ، مەسىلەن:

سىرىجغا — سىرىجغا — ئەينەك، شىشە⑭

كەرپىج — كەرپىچ — كىرپىچ، خىش. پىششىق كەرپىچ — پىششىق خىش⑮

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1 – توم، 98 – بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1 – توم، 426 – بەت.
③ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 553– بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 467– بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 464– بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 474– بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1 – توم، 508 – بەت. ⑧ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 509– بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 541– بەت.
⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 544–بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1–توم، 543–بەت. ⑫ تۈركى تىللار دىۋانى 1–توم، 206– بەت. ⑬ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 543–بەت. ⑭ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 636– بەت.
⑮ تۈركى تىللار دىۋانى 1– توم، 594– بەت.

جىگدا  چىگنە—چىنە…①
ساغىر  ساغىر—تۇۋى تار، ئاغزى كەڭ بىر خىل قاچا. ئۇنىڭدا ئىچىملىك ساقلىنىدۇ.②
بۇقەج  بۇقاچ— ساپال قاچا…③

## 4. سودا ۋە پۇل مۇئامىلىسىگە ئائىت مەلۇماتلار

قارا خانىلاردىكى ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىچكى ۋە تاشقى سودىمۇ تېز راۋاجلاندى. قارا خانىلارنىڭ مەركىزى قىسمى شەرق بىلەن غەرپنىڭ قاتناش لىنىيىسىدە بولغىنى ئۈچۈن خانلىقنىڭ يەتتە سۇ، قەشقەرىيە، ۋە ماۋەرە ئۇننەھر رايونلىرىنىڭ قىتانلار، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، غەربى ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، شىمالى ئافرىقا، شەرقى جەنۇبى ياۋرۇپا، سۇڭ سۇلالىسى، ئىدىقۇت خانلىقى قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان سودىسى بەك كەڭ بولدى. ئىچكى ۋە تاشقى سودىنىڭ راۋاجلىنىشى پۇل مۇئامىلىسىنى ۋە پۇلغا بولغان ئېھتىياجىنى كۈچەيتتى. بۇ چاغدا ئىچكى ۋە خەلقارا بازارلاردىكى ئىقتىسادى مۇئامىلىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن تىللا، تەڭگە ۋە مىس ئاقچىلار قۇيۇلدى. قارا خانىلار دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن ھەر خىل پۇللارنىڭ نۇسخىلىرى تارىخى ماتېرىياللار ۋە قېزىلمىلاردىن بىزگە ئېنىق مەلۇم بولسىمۇ، «تۈركى تىللار دىۋانى» دىنمۇ بۇ ھەقتىكى-بەزى تىل ماتېرىياللىرىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

قەمدۇ  قامدۇ— بويى توت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بوز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا-سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بوز كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇلۇپ، ئۈستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ ④
بەنەك  بەنەك— يارماق، مىس پۇل ⑤
كۈمۈش  كۈمۈش تەڭگە. چۈنكى تەڭگىنىڭ تەركىۋىدە كۈمۈش بار ⑥
ئۈرۈغلۈغ  ئۈرۈغلۈغ: ئۈرۈغلۈق ئالتۇن—ئاقچا قىلىپ قۇيۇلغان ئالتۇن. باشقىلاردىمۇ شۇنداق⑦

## 5. قاراخانىلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار

سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىساتنىڭ گۈللىنىشى، شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە يېڭىدىن بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ دەۋردە مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدە بارلىققا كەلگەن مارالۋېشى (بارچۇق)، ئاقسۇ (ئەردە بىل)، كۇچار، قەشقەر، ياركەند، خوتەن (ئۇدۇن)، بالاساغۇن، ياقالىغ، ئاشپارا، تىرمىز، بۇخارا، تالاس قاتارلىق قەدىمى شەھەرلەر يەنىمۇ كېڭەيدى. ئارخېلوگىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسى 10— ئەسىردىن 12— ئەسىرگىچە ئىلى دەريا ۋادىسىدا 56

① تۈركى تىللار دىۋانى 1— توم، 566— بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1— توم، 529— بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1 — توم 463— بەت: ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1 — توم، 546— بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1— توم، 504— بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1— توم، 481— بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1— توم، 199— بەت.

جايغا يېڭى بازار سېلىنىپ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ شەھەرگە ئايلانغانلىقىنى تەستىقلايدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دا قارا خانىلارنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرى ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتـ لار بار:

ئــــۈج ئۈچ ــ ئۈچ. مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى①

(ئۈچتۇرپان ناھىيــسىنىڭ قەدىمى نامى.ئا)

ئۇلۇش ئۇلۇش ــ يېزا، قىشلاق. چىگىلچە، بالا ساغۇن بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئارغۇ شەھەرلىرىـ دە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىدا «ئۇلۇش»شەھەر دىمەكتۇر. شۇڭا بــالا ساغۇن شەھرى «قۇز ئۇلۇش» مۇ دىيىلىدۇ②

ئـۈدۈن ئۈدۈن ــ خوتەن شەھرىنىڭ نامى. خوتەندە ياشىغۇچىلارمۇ «ئۈدۈن» دىيىلىدۇ③

ئەرتۈج ئارتۈچ ــ ئارتۇش دەرىخى قەشقەردە ئارتۈچ ناملىق ئىككى يۇرت بار④

ئوتلۇق ئوتلۇق ــ تالاس يېنىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى⑤

ئـوردۇ ئوردۇ ــ ئوردا، خان شەھرى. بۇنىڭدىــن ئېلىنىــپ، خاقــانلار تــۇرىدىغان قەشقەر شەھرى «ئودۇكەند» دىيىلىدۇ⑥

ئــــوردۇ ئوردۇ ــ بالا ساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر⑦…

ئەشـچان ئاشچان ــ چىنغا بارىدىغان يول ئۈستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان بىر شەھەر⑧

تــــۈرك تۈرك ــ تۈرك شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى⑨

بـۈكـۈر بۈگۈر ــ كۇچار شەھــرى بىــلەن ئۇيغۇر ئېــلى ئارىلىقىــدىكى تــاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە…⑩

تـەلـەس تالاس ــ «تىراز» دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان شەھەرنىڭ نامى. بۇ شەھەر ئىككى بولۇپ، بىرى«ئۇلۇغ تالاس ــ چوڭ تالاس، يەنەبىرى مۇسۇلمانلار چېگرىسىدا بولۇپ، «كەمى تالاس ــ كىچىك تالاس» دىيىلىدۇ⑪

كـۈسـەن كۈسەن ــ «كۇچا» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىــڭ يەنە بــىر نــامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان⑫

ســــەبـــــران ساپران ــ ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى…⑬

سـەخـســــن ساخسىن ــ بۇلغارلارغا يېقىن بىر شەھەر. بۇ شەھەر «سۇۋار» مۇ دىيىلىدۇ⑭

بـــەرجـــۇق بارچۇق. ئافراسياپ قۇرغان بىر شەھەر⑮

ســۇغــنــاق سۇغناق ــ ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى⑯

كەنجاك سەڭىر كەنچەك سەڭىر ــ تىرازغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى…⑰

قـــەراجـــۇق قاراچۇق ــ فاراپ شەھرىنىڭ نامى. بۇ ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر⑱

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 49- بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 85- بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 104- بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 128- بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 133- بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 468- بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 168- بەت. ⑧ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 186- بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 455- بەت. ⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 468- بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 474- بەت⑫. تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 526- بەت. ⑬ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 568- بەت. ⑭ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 569- بەت. ⑮ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 608- بەت. ⑯ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 616- بەت. ⑰ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 626- بەت. ⑱ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 635-بەت.

# 6. تىبابەتچىلىككە ئائىت مەلۇماتلار

تارىخى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىلار دەۋرىدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلق- لەردە تىبابەتچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. 7-، 8- ئەسىرلەرگە ئائىت بەزى يازمىلار- غا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردا تىبابەتچىلىككە ئائىت ئون نەچچە خىل كىتاب، 200 خىلدىن ئارتۇقدورا رېتسېپى، 10 نەچچە نۇسخە داۋالاش ئۇسۇللىرى بولغان. قاراخانىلار دەۋرى تىبابەت- چىلىككە ئاساس سالغۇچىلاردىن جامالىدىن قەشقەرى، مۇھەممەت بىننى رەشىت بىننى ئەلى قەشقەرى، ئىمادىدىن قەشقەرى قاتارلىقلارنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر.

قاراخانىلار تىبابەتچىلىكىنىڭ قانچىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا شەرھلەنگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرگە نەزەر سېلىپ ئۆتۈش كۇپايە:

ئىناكۇ   ئىنەكۈ - كىندىك ئۇ دۈلىدا پەيدا بولىدىغان يەل سانجىقىغا ئوخشاش بىر خىل كېسەل.①

ئەنۈمى   ئەنۈمى - موخو كېسىلى②

ئەۋشۈك   ئەۋشۈك - چاپلاشقاق كېسەل③

كەزىك   كەزىك - كېزىك. بەدەندە تىترەك پەيدا قىلىدىغان بىر خىل ئىستما④

كەزىك   كەزىك - سەرىغ كەزىك - سېرىق كېسەل⑤

سەرىغ   سارىغ - سېرىق، توق سېرىق نەرسە «ساپ سارىغ» دېيىلىدۇ. ئادەمدە بولىدىغان ئۆت كېسىلى يەنى سەپرامۇ «سارىغ» دېيىلىدۇ⑥

توبۇلغاق   توبۇلغاق - يەل تولغاق، قۇلۇنجى، ئاشقازان، ئۈچەيدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل ⑦

تۇماغۇ   تۇماغۇ - تۇمۇ، زوكام ⑧

ئوترۇم   ئوترۇم - سۈرگۈ دورىسى...⑨

ئەرقجەق   ئارقاچاق - ئېغىزغا دورا قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىچى كاۋاك ئەسۋاپ⑩

ئۇرۇمداي   ئۇرۇمداي - زەھەرنى قايتۇرىدىغان تاش، پادىزەھەر⑪

ئەڭ   ئەڭ - يېغى دورا بولىدىغان بىر خىل قۇش، قوداي...⑫

ئەگىت   ئەگىت داغ چۈشۈشتىن ياكى كوز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باللارنىڭ يۈزىگە سۈر- تىلىدىغان بىرخىل دورا⑬

ئەگىر   ئېگىر - قوساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوسۇملۇك⑭

ئىبرۇك   ئىپرۇك - قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى. قۇرۇت ئېزىپ ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قال- غان ئادەمگە ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزىلىدۇ ⑮

---

① تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 185 - بەت. ② تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 485 - بەت. ③ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 142 - بەت. ④ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 508 - بەت. ⑤ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 508 - بەت. ⑥ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 484 - بەت. ⑦ تۈركىي تىللار دىۋانى 1- توم، 653 - بەت. ⑧ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 583 - بەت. ⑨ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 144 - بەت. ⑩ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 196 - بەت. ⑪ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 215 - بەت. ⑫ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 57 - بەت. ⑬ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 71 - بەت. ⑭ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 75 - بەت. ⑮ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 137 - بەت.



AltunOq

ئەتغاق — ئاتغاق ـ قۇلۇنجى، قېرىندا سىرىق سۇ يىغىلىش كېسەللى①

سىيغۇن — سىغۇن ـ بۇغا، يىلتىزى ئادەمگە ئوخشايدىغان جىنسى ئاجىزلىققا داۋا بولىدىغان گىيا «سىغۇن ئوتى ـ ئادەمگىيا» دەپ ئاتىلىدۇ... بۇ ئوتنىڭ ئەركىكى ۋە چىشىسى بولۇپ، ئەركىكى ئەرلەرگە، چىشىسى ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ②

بەلىك — بەلىك ـ پىلىك. يارا تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان پەلكۈچ③

قۇندۇز — قۇندۇز ـ قۇندۇز قايىرى ـ قۇندۇز قېيىرى، قۇندۇز تاشقىدىن ياسىلىدىغان بىر خىل دورا ④

سورغۇ — سورغۇ ـ شورىغۇچ، ھەجەمەت، قان ئېلىش «شوراش» ئەسۋاۋى⑤

جەخشۇ — چاخشۇ ـ كوز ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوت...⑥

جۇرنى — چۇرنى ـ تۈرك تىۋىپلىرى ياسىغان بىر خىل سۈرگۈ دورىسى ⑦

يۇقۇرقىلاردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ بىر قەدەر كەڭ تارقىلىدىغان كېسەللىكلەرنى خېلى بۇرۇنلا ئېنىقلاش بىلەن ئۇنى داۋالاشتا ئوسۇملۈك ۋە مىنىرال دورىلاردىن پايدىلانغانلىقىنى، سىغۇن(خەنزۇچە رىنشىن) نى ئىشلىتىشنىڭ خېلى بالدۇرلا تەتقىق قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

## 7 . كالىندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە ئائىت مەلۇماتلار

«تۈركى تىللار دىۋانى» دا كالىندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلارمۇ بېرىلگەن. يىللارنى موچەل بىلەن ھىساپلاش (ئون ئىككى ھايۋانلىق كالىندار يەنى «موچەل يىلى» نى قوللىنىش) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدە پەيدا بولغانلىقى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا كەلتۈرگەن بىر رىۋايەتتىن ئوچۇق بىلىنىدۇ:

بەرس — بارس ـ يولۋاس، تۈرك خەلقلىرىدىكى ئون ئىككى موچەلدىن بىرىنىڭ نامى. تۈركلەر ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان. ئۇلارنىڭ بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھىساپلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېيىنچەك ئەۋلاتلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھىساۋى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھىساپلانسۇن، بۇ ئاتىمىزدا مەڭگۈ يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن». خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن»

① تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 160 ـ بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 532 ـ بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 501 ـ بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 598 ـ بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1ـ توم، 551 ـ بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 552 بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 566 ـ بەت.

دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئۇۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرىغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئەۋۋەل «سىچخان - چاشقان» ئۆتكەن، شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «سىچخان يىلى - چاشقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان:

ئۇد يىلى — ئۆي يىلى (كالا يىلى).

بەرس يىلى — بارس يىلى (يولۋاس يىلى).

تەۋشغان يىلى — تاۋشخان يىلى (توشقان يىلى).

ناك يىلى — لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى).

يىلان يىلى — يىلان يىلى.

يۇند يىلى — ئات يىلى.

قوي يىلى — قوي يىلى.

بىچىن يىلى — مايمۇن يىلى.

تاقاغۇ يىلى — توخۇ يىلى.

ئىت يىلى — ئىت يىلى.

توڭۇز يىلى — توڭگۇز يىلى.

توڭغۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېساپ يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ......

ئايلارنىڭ ئىسمىغا كەلسەك، شەھەرلەردە ئەرەپچە ئاي ئىسىملىرى قوللىنىلىدۇ. كوچمەن تۈرمۇش كەچۈرىدىغان، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بولۈپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ. يىلنىڭ ئۆتىشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەيدۇ، چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئاي» دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ چاغدا يەر - يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال ۋارانلار سەمرىيدۇ، سۈت كۆپىيىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ...①

مەھمۇت قەشقەرى دەلىللەپ كۆرسەتكەن بۇ كالىندارنىڭ قاچان ئىشلەپچىقىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بوگۇنكى كۈندىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلاردا كالىندارچىلىقنىڭ چوڭقۇر تارىخى ئاساسى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ شانلىق ئەسىرىدە، خەلق رىۋايەتلىرى خاراكتېرىدە بولسىمۇ، ئۇيغۇر كالىندارچىلىقى ھەققىدە تولىمۇ قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئون ئىككى ھايۋانلىق كالىندار يەنى «مۇچەل يىلى» دىن ئىبارەت كالىندارچىلىق توغرىسىدا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قىسقىراق بولسىمۇ، پەقەت مەھمۇت قەشقەرىلا ئەڭ دەسلەپ ساۋات بەرگەن.

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 449 -، 450 ، 451 -، 452 - بەتلەر.

11 – ئەسىرگىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدىنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئاستىرونو-
مىيە ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، پەلەك بۇرجلىرى ۋە سەييارىلارنى كۆزىتىپ
خېلى كۆپ يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغان ئىدى. بىز بۇلاردىن بىر نەچچىلا مىسالنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:
ئەرەن ئەرەن – ئەرەن تۈز – تارازا (مىزان) يۇلتۇزىنىڭ نامى.
ئاي مەنزىللىرىدىن بىرىنىڭ نامى شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ①
قۇش قۇش – بۇ تۇرداش ئىسىم، كېيىن ئايرىم سۆزلەر قوشۇلۇپ، ئۇلار بىر – بىرىدىن ئاجرى-
تىلىدۇ، ئۇرۇك قۇش – ئاق لاچىن. قارا قۇش – قارىقۇش •••••• ئاندىن قالسا، مۇش-
تەرى يۇلتۇزىمۇ «قارا قۇش» دېيىلىدۇ. مۇشتەرى يۇلتۇزى چىقسا، «قارا قۇش تۇغدى»
دېيىلىدۇ. بۇ يۇلتۇز ئۇ ياقلاردا تاڭ ۋاقتىدا چىقىدۇ•••②
بەقىر سوقىم باقىر سوقىم – «مىررىخ – مارس» يۇلتۇزىنىڭ ئېتى.

## 8 . ئەدەبىي مىراسلارغا ئائىت مەلۇماتلار

ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ ئىستېمال مەنى-
سىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتىدىن بىر قىسىم نەمۇنىلەرنى
بەرگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلار ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ باي ۋە رەڭگا – رەڭ ئەدەبىي
مىراسلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قەدىرلىكتۇر. بۇ جەھەتتىن
ئالغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قەدىمقى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەق-
قىياتى، مەزمۇنى، شەكىللىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرگۈچى بىر دىن – بىر مەنبە دەپ قاراشقا بو-
لىدۇ. ئەگەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا فولكلور ۋە يازما ئەدەبىياتقا ئائىت بىر قىسىم پارچىلار
كىرگۈزۈلمىگەندە ئىدى، ئۇ ھالدا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى ئەدەبىي
مىراسلىرى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەنبەگە ئىگە بولالمىغان بولاتتى.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزگەن ئەدەبىي پارچىلار ئىچىدە داستان-
لاردىن پارچىلار، مەرسىيەلەر، قوشاقلار، ساقىنامىلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى
يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدۇ. بولۇپمۇ بۇلار ئىچىدىكى ئوغۇزخان ۋە ئاپراسىياپقا ئوخشاش خەلق
قەھرىمانلىرى توغرىسىدا يېزىلغان مەرسىيە ۋە مەدھىيە نامىلاردىن ئېلىنغان پارچىلار بىز ئۈچۈن
تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئەينى دەۋ-
رىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تالانتلىق شائىرلارنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى
ھەم كۆرۈپ يېتەلەيمىز. گەرچە ئالىم ئۆز ئەسەرىدە زامانىسىنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن چۇچۇ
ئىسىملىك بىرلا كىشىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتۈش بىلەن، باشقا تالانت ئىگىلىرى ھەققىدە ھېچقانداق
مەلۇمات قالدۇرمىغان بولسىمۇ، كىتابىدا بېرىلگەن يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل
جەھەتتىكى كامالىتىگە ئاساسەن، قارا خانىلار دەۋرىدە يازما ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى،
شۇنداقلا كۆپلىگەن يېتۈك شائىرلارنىڭ ئۆز قەلىمىنى جەۋلانغا كەلتۈرگەنلىكىنى تولۇق ھېس
قىلالايمىز.

---

①② تۈركىي تىللار دىۋانى 1 – توم، 104 – بەت.

## 9. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئائىت مەلۇماتلار

قارا خانىلارنىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادى تەرەققىياتى خانلىق تەۋەلىكىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا ئالاقە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىشى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىل بولۇشىنى تەمىن ئەتكەن ئىدى. بۇ دەۋردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا غىزالارنىڭ خىلمۇ-خىل ۋە مەزىلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز تاۋىغا مۇناسىپ تۈرلۈك تاماقلار ۋە ئىچىملىكلەرنى تەتقىق قىلىپ، تەييارلاپ، ئۇنى ئىستېمال قىلغانلىقى، كۈندىلىك مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىش ئۈچۈن چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ بىر قانچە خىللىرىنى كەشىپ قىلغانلىقى، تۈرلۈك سورۇنلارنى تەشكىل قىلىپ، تەنتەربىيە، قارىغا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، چەۋەندازلىق، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش (مەشرەپ) ئىشلىرىنى يولغا قويغانلىقىنى، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەر ياڭزا نۇسخىلىرىنى ئىشلەپ چىقىپ كەيگەنلىگى يۇقۇرقى نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قارا خانىلار تەۋەلىكىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى (ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان غىزالارنى ئېتىش يوللىرى، شاراپ ئېچىتىش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋاپلىرى، تەنتەربىيە خاراكتېرىدىكى ئويۇنلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرى)غا ئائىت خېلى كۆپلىگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئاپتور ئۆز ئەسەرىدە كەلتۈرگەن بەزى تىل پاكىتلىرى، مەسىلەن: زىننەت بويۇملىرى، ئاياللارنىڭ باغىرداق تاقايدىغانلىقى، كىيىم-كېچەكلەرگە دەزمال سالىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى دەلىللىگۈچى بەزى سوزلەملەر ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ يۇقۇرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كورسەتكۈچى ئاساسى پاكىتلاردۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئائىت مۇنداق سوزلەر كىرگۈزۈلگەن:

1) تۈرلۈك غىزالار ۋە ئۇنى ئېتىش يوللىرىغا ئائىت سوزلەر:

ئۈۋا ئۈۋا—بىر خىل غىزانىڭ ئېتى. گۈرۈچ قاينىتىلىپ سوغاق سۇغا سېلىنىدۇ. كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ شېكەر ۋە مۇز سېلىنىدۇ. بۇ غىزا سوغاقلىق ئۈچۈن يېيىلىدۇ ①

ئوكره ئۈگرە. سۈيقاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ چوپتىن سۇلۇق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ ②

ئاۋزۇرى ئاۋزۇرى—بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىلىنغان تاماق (قوشۇقلۇق نان) ③

توب توپ— بىر خىل يېمەكلىك. بۇغداي سۇدا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ئارپا خېمىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قاچىغا سېلىنىپ، ئىسسىق يەردە بولدۇرۇلىدۇ. بولغاندىن كېيىن ئېلىپ يېيىلىدۇ④

---

① تۈركىي تىللار دىۋانى 1- توم، 121- بەت. ② تۈركىي تىللار دىۋانى 1- توم، 171- بەت. ③ تۈركىي تىللار دىۋانى 1- توم، 197- بەت. ④ تۈركىي تىللار دىۋانى 1- توم، 417- بەت.



AltunOq

توبىق  توپىق–توپۇق... قوينىڭ قوپۇق سوڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا ①

قاغۇت  قاغۇت–تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئەۋۋەل قايناتىلىپ، كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ؛ ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ②

قەتما  قاتما: قاتما يوغا–قاتلىما ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان③

ئۈسبورى  ئۈسبورى–قوۋاستا پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، توغراپ ياققا سېلىنىپ، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك④

جۇقمەن  چۇقمەن–ھور ناننىڭ بىر خىلى. نېپىز ۋە سېڭىشلىك كېلىدۇ⑤

تۇتماچ  تۇتماچ–چۆپ. تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى. بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن. زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان، ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ، «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بىزنى تۇتما ئاچ» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت، يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى». دېگەن. زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قوساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ، ئۇنى «تۇتماچ» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «تۇتما» ئاچ بولۇپ، «ا–ئېلىف»نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلىشى نەتىجىسىدە «تۇتماچ» بولۇپ قالغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئۆزەڭنى ئاچ تۇتما، مۇشۇ تاماقنى يە» دېمەكتۇر.⑥

تۇتغۇج  تۇتقۇچ–رەسمى تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي ئېچىش غىزاسى⑦

كۆرشاك  كۆرشەك–سوكنى سۇ ياكى سۇتتە قايناتىپ، ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق⑧

بوشكال  پوشكەل–پوشكال. بىر خىل يوپقا نان. خاقانىيە تىلىدا⑨

توغرىل  توغرىل–قىرغا. ئىچىگە دورا–دەرمەكلىك گۆش تىقىلغان ئۆچەي. كەنجەكچە⑩

سوقتۇ  سوقتۇ–ھېسىپنىڭ بىر خىلى، جىگەر بىلەن گۆش دورا–دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۆچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ⑪

سەرمەجۇق  سارماچۇق–قوشقاچ تىلى ئاش. سۈيقاشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭ خېمىرى ئوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ. بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.⑫

قەقۇرغان  قاقۇرغان–قاتلىما، ماي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان ⑬

ساتسا  ياماتا (؟)–قۇيماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چېلىنىدىغان بىر خىل خېمىر. سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا ياكى كاۋاپ قىلغاندا، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتىلىدۇ⑭

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 492- بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 528- بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 564- بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 192- بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 578- بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 590 -بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 591- بەت. ⑧ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 625- بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 628 - بەت. ⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 629- بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 543- بەت. ⑫ تۈركى تىللار دىۋانى 1-توم، 683- بەت. ⑬ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 672- بەت. ⑭ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم 580 - بەت.

بۇلدۇنى بۇلدۇنى — ئىچىگە قۇرۇق ياكى ھۆل ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك①

بۇخسى بۇخسى — بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ. قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بولماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئىچىلىدۇ. تەييار بولغاندا، بۇغدىيى يېيىلىدۇ، سۈيى ئىچىلىدۇ②

سىنچۇ سىنچۇ — گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان خۇيلىما③

مەندۇ ماندۇ — بىر خىل تۈرك سىركىسىنىڭ ئېتى، ئۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈزۈم شىرنىسىنى كۆپتە ئېچىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ھاراق قۇيۇپ، بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سىركە بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سىركىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ④

2) ھەر خىل ئىچىملىك — مەيلەر ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇللىرىغا ئائىت سۆزلەر:

ئۇغاق ئۇخاق — ئۈرۈك قېقىنىڭ شىرنىسى. بۇ ئىچىلىدۇ.⑤

ئوغۇت ئۇغۇپ — بۇغداي شارابى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېچىتقۇ. بۇ ئېچىتقۇ بىر مۇنچە دورا-دەرمەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دورىلار ئارپا ئۇندۇرمىسىنىڭ ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر قىلىنىدۇ، بۇ خېمىر كېسىپ كومۇلاچ قىلىنىدۇ ۋە قۇرۇتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن ئارپا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن ھېلىقى قۇرۇتۇلغان كومۇلاچتىن بىر دانىسى ئوبدان يەنجىلىپ قاينىتىلغان بۇغدايغا تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن، بۇ بۇغداي پاكىز بىر نەرسىگە ئورۇلۇپ، ئۈچ كۈنگىچە دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن تېخىمۇ ئوبدان دۈملىنىپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆپكە سېلىنىپ ئون كۈن ساقلىنىدۇ. ئېچىپ يېتىلگەندە، ئۈستىگە سۇ قۇيۇلىدۇ. تىرىپى سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، قالغان سۇيۇقلۇق «بۇغداي شارابى» بولىدۇ⑥

بۇخسۇم بۇخسۇم — بوزا. تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك.⑦

بەكنى بەگنى — بۇغداي، تېرىق ۋە ئارپىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان ئىچىملىك⑧

3) ھەر خىل كىيىم نۇسخىلىرىغا ئائىت سۆزلەر:

سەمدا سامدا — سەندەل. پۇتقا كىيىلىدىغان سەندەل...⑨

قۇلەق قۇلاق — قۇلاق تون — قىسقا يەڭلىك تون⑩

بەرتۇ بارتۇ — كەمزۇل، قىسقا پەلتۇ⑪

ئىجۈك ئىچۈك — ئىچىك — ئۈچۈك. بۇلغۇن، سۇسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا⑫

ئەرتىغ ئارتىغ — ئايالچە جىلىتكە⑬

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 640- بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 551- بەت. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 544- بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 548- بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 165- بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 70- بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 631- بەت. ⑧ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 565- بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 545- بەت. ⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 498- بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 543- بەت. ⑫ تۈركى تىللار دىۋانى 1- توم، 93- بەت. ⑬ تۈركى تىللار دىۋانى 1 - توم، 133- بەت.

4) ئورۇپ ـ ئادەت، ئولتۇرۇش ـ قوپۇش ۋە تەنتەربىيىگە ئائىت سۆزلەر:

ئەكەت ئەگەت ــ تويى كىچىسى كېلىن بىلەن بىرلىكتە ئەۋەتىلىدىغان خىزمەتچى خوتۇن، يەڭگە ①

ئەتىش ئاتىش

ئۇتۇش ئۇتۇش

ئەبى ئابى ــ

ئوتەمىش ئوتەمىش ئەرلەر ئىسمى ②

قولۇچ قولۇچ

توتۇق توتۇق

ئەشۈك ئەشۈك ــ كوشۇك، يوپۇق. خانلار ۋە بەگلەر ئولگەندە ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرى ئۈستىگە يېپىلىپ، كېيىن كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان يىپەك يوپۇق.③

ئىسرىق ئىسرىق ــ بالىلارنى جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ۋە كوز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەفسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سوز؛ ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەككۈزۈلۈپ „ئىسرىق ـ ئىسرىق ـ ھەي جىن، كوچ ـ كوچ!“ دېيىلىدۇ.④

سىغىر سىغىر ــ خانلارنىڭ كوپ ئادەم بىلەن قىلىدىغان بىر خىل ئوۋى، ئۇنىڭدا، خاننىڭ ئادەملىرى ئورمانلارغا ۋە قىرلارغا تارقىلىپ ياۋا ھايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ، خان ئالدىغا كەلگەن ھايۋانلارنى ھېچ ئاۋارە بولماستىن ئوۋلاۋېرىدۇ. ⑤

توبىق توپىق ــ توپۇق. چوگەن بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان توپۇق توپ.⑥

جوكەن چوگەن ــ چوگەن ئويۇنى.⑦

قەرىن قەرىن ــ قېرىن. قارىن ئاتماق ــ قېرىن ئاتماق، قېرىننى قارىغا ئېلىپ ئېتىش. بۇنىڭدا سويۇلغان مالنىڭ قېرىنى نىشان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوق ئېتىلىدۇ. تەككۈزەلىگەن كىشى گوشتىن بىر پارچە ئالىدۇ.⑧

سۇرجۇك سۇرچۇك ــ مەشرەپ، كېچىلىك ئولتۇرۇش ⋯ ⑨

5) ھەرخىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى ۋە يېزىق قۇراللىرىغا ئائىت سوزلەر:

ئىكاما ئىگەمە ــ بىر تۇرلۇك چالغۇ ئەسۋاۋى. قوبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ⑩

قوبۇز قوبۇز ــ ئۇد (بار بىت) قا ئوخشايدىغا تارلىق چالغۇ ئەسۋاۋى.⑪

سىبىزغۇ سىبىزغۇ ـ سىبىزغا، نەي⑫

ئوج ئوچ ــ تاغدا ئوسىدىغان بىرخىل دەرەخ. تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ. ئۇنىڭدىن

---

① تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 72 ـ بەت. ② تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 82 ـ، 117 ـ، 130 ـ، 465 ـ، 494 ـ بەتلەر. ③ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 98 ـ بەت. ④ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 134 بەت. ⑤ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 471 ـ بەت. ⑥ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 492 ـ بەت. ⑦ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 523 ـ بەت. ⑧ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 524 ـ بەت. ⑨ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 624 ـ بەت. ⑩ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 185 ـ بەت. ⑪ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 473 ـ بەت. ⑫ تۈركى تىللار دىۋانى 1 ـ توم، 636 ـ بەت.

يەنە يىلىك، ھاساقا تارلىق نەرسىلەرنى ياسىلىدۇ.①

بۇرتا بۇرتا ــ ئالتۇن ۋەرەق، زەر ۋەرەق ②

## 10 . ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت مەلۇماتلار

قاراخانىلار دەۋرىدە خانلىق ھاكىمىيىتى خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىلىك خانلار، بەگلەر، يېزا ئاقساقاللىرى، ياردەمچى ئاقساقاللار ئارقىلىق يۈرگۈزۈلەتتى. مۇداپىئەلىنىش، جەڭ قىلىش قاتارلىق بەزى ئىشلار خەلق مەسلىھەت كېڭەشلىرىدە كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىناتتى. ھەربىي ئىشلاردا بولسا، مۇنتىزىم ھەربىي تۈزۈم يولغا قويۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا، قەدىمقى كۆچمەن چىلىك ــ چارىچىلىق دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئومۇم ئەسكەر بولىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلگەن بولۇپ، مۇنتىزىم قوشۇن بارلىققا كەلگەن ئىدى. جەڭنىڭ ھەرخىل ئىستىراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە مەشقلەرگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى مەخسۇس ئەمەلدارلار بولغان ئىدى. ئۇرۇشلاردا زامانىسىغا كۆرە ئىلغار يۈرۈشكە ئەپلىك ۋە ئىلغار قورال ــ ياراقلار ئىشلىتىلەتتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ھوكۈمرانلارنىڭ ئۇنۋانلىرى، ھەربىي تۈزۈم، قوشۇن باشقۇرۇش، جەڭ تاكتىكىلىرى توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتلار بېرىلگەن، بۇ ھەقتە تۆۋەندە بىر نەچچە سۆزلەملەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

تۈزۈن تۈزۈن ــ يېزا ئاقساقىلى، يېزا باشلىقى، كوكۈدشى ③

جۇيەن جۇبان ــ يېزا ئاقساقىلىنىڭ ياردەمچىسى.④

تىرناك تەرنەك ــ دەرنەك. خەلق مەسلىھەت ئۈچۈن يىغىلىدىغان ئورۇن⑤

جەۋۇش چاۋۇش ــ جەڭلەردە سەپلەرنى تۈزەيدىغان، ئۇرۇش قىلىدىغان چاغلاردا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن چەكلەيدىغان ئەفتىسەر⑥

ئەقىنچى ئاقىنچى ــ ئېقىنچى. كېچىسى بېرىپ دۈشمەننى باسىدىغان ئەسكەر.⑦

ئىسىم ئىم ــ ھەربىي قوشۇنلاردا باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەخپىي بەلگە (پارول). بۇنداق بەلگەر قۇش ۋە قۇراللارنىڭ ئېتى ياكى باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى تۈركۈم ئەسكەر ئۇچراشقاندا، بىر ــ بىرىنى تونۇشقا ۋە ئۇقۇشماي ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا خىزمەت قىلىدۇ. كېچىسى ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا، بىرى يەنە بىرىدىن ئىم سورايدۇ. سورالغان كىشى ئىمنى بىلسە ئۆز كىشىسى ھېسابلىنىدۇ؛ بىلمىسە ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ... ⑧

① تۈركىي تىللار دىۋانى 1 ــ توم، 49 ــ بەت. بۇ سۆزلەمدىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلار دەۋرىدە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ يېزىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن قەلەمنى «ئوچ» دېگەن قاتتىق ياغاچتىن ياسىلىدىغانلىقى ناھايىتىمۇ ئېنىق. شۇنداق تۈرۈۋقلۇق ھازىرقى پەيتتە بەزى رەسساملار ئەنە شۇ دەۋردىكە تەۋە بولغان فارابى، مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىقلارنىڭ گۈزەل سەنئەتتىكى ئوبرازىنى ياراتقاندا، ھامان ئۇلارنىڭ قوللىرىغا پەي تۇتقۇزۇپ قويماقتا. بىزنىڭچە پەي ئۇۋچىلىق دەۋرىگە خاس بولغان تەييار يېزىق قورالى بولۇپ، ئۇ قاتتىق ياغاچتىن ياسىلىپ تەييارلانغان قەلەمگە قارىغاندا، ئىپتىدائىي خاراكتېرغا ئالغان بولىدۇ. بۇ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلە

② تۈركىي تىللار دىۋانى 1 ــ توم، 550 ــ بەت. ③ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 ــ توم، 543 ــ بەت. ④ تۈركىي تىللار دىۋانى 1ــ توم، 523 ــ بەت. ⑤ تۈركىي تىللار دىۋانى 1ــ توم، 622 ــ بەت. ⑥ تۈركىي تىللار دىۋانى 1ــ توم، 477 ــ بەت. ⑦ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 ــ توم، 181 ــ بەت. ⑧ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 ــ توم، 54 ــ بەت.



AltunOq

ئەي    ئاي — ئاي بىتىكى — ئايلىق دەپتەر، ئەسكەرلەرنىڭ ئىسمى ۋە تەمىناتى يېزىلىدىغان دەپتەر. ①

ئۆكەك    ئۆكەك — قاراۋۇل تورا. ئۇرۇش ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ئۈستىگە سېلىنغان قورۇق تام ②

بۇسۇغ    پۇسۇغ — بوكتۇرمە، پىستىرما ③

تۇغراغ    تۇغراغ — ئۇرۇش ۋاقتىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئات ④

قەمچى    قامچى — قامچا. قىلىچ قامچا. قىلىچلىق قامچا. ئىچىدە قىلىچ بار قامچا ⑤

سوئاللار:

1. ماقالىدا قاراخانىلار دەۋرىنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتى ھەققىدىكى بەزى بايانلارنى بېرىشتە ھاجى ياقۇپ يۈسۈپنىڭ «قاراخانىلار مەدەنىيىتىگە قىسقىچە بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

2. مەتبە قېيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ماقالىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر ۋە مىساللارنىڭ ئەرەبچە ئىملاسىنى ئەينەن بېرىشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىسىنى بەرگەندىمۇ، پەرقلىق تاۋۇش بەلگىلىرىنى قوللىنىشقىمۇ ئىمكانىيەت بولمىدى.

3. قاراخانىلار دەۋرىنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى سۆزلەر ۋە مىساللارنىڭ ئوخشاش خاراكتېردىكىلىرى ئېلىنمىدى.

---

① تۈركىي تىللار دىۋانى 1 — توم، 56 — بەت. ② تۈركىي تىللار دىۋانى 1 — توم، 107 — بەت. ③ تۈركىي تىللار دىۋانى 1— توم، 484 — بەت. ④ تۈركىي تىللار دىۋانى 1— توم، 603 — بەت. ⑤ تۈركىي تىللار دىۋانى 1— توم، 544— بەت.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

خەممت تومۇر

ياردەمچى پېئىللار تىلىمىزدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان ۋە خىلمۇ-خىل نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر كاتېگورىيە. لېكىن ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گىرامماتىكا ۋە دەرسلىك كىتابلىرىدا بۇ كاتېگورىيە خىلمۇ-خىل ۋە ئىنتايىن چولتا بايان قىلىنماقتا. بۇ ھال تۆۋەندىكى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن؛ ياردەمچى پېئىللارنىڭ چېكى - قانداق سۆزلەرنىڭ ياردەمچى سۆز بولالايدىغانلىقى، قانداق ئەھۋال ئاستىدا ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، (كونكرېتنى پاكىت تۆۋەندە) ياردەمچى پېئىللارنىڭ گىرامماتىك تەۋەلىكى ئۈستىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت. مەسىلەن: يولداش نەسرۇللا تۈزگەن "ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (تۆۋەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى × » دېيىلىدۇ) دا، ياردەمچى پېئىللار پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئەمىر ناجىپ تەرىپىدىن روس تىلىدا تۈزۈلگەن "ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (تۆۋەندە "ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى M» دېيىلىدۇ) دا ياردەمچى پېئىل "ئىد» (ئىدى، ئىكەن، ئىمىش)» پېئىلنىڭ بايان شەكلى ۋە بەزى زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ. "يات-»، "ئولتۇر-» "تۇر-»، "يۈر-» دىن ئىبارەت 4 ھالەت پېئىلى پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ. قالغان ياردەمچى پېئىللارنىڭ ھەممىسى قوشما پېئىللارنى ۋە مۇستەقىل مەنىلىك ھەم تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل بىرىكمىلىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ، دېيىلگەن. قازاق SSR پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن "ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (تۆۋەندە "ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى A» دېيىلىدۇ) دا ياردەمچى پېئىللار مۇرەككەپ پېئىللارنىڭ قوشۇمچە مەنا ياكى گىرامماتىكىلىق مەنا بىلدۈرگۈچى قىسمى دېيىلگەن.

ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنا جەھەتتىن ئىزاھلىنىشى بەكمۇ يېتەرسىز. مەسىلەن: "ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى × » دا ياردەمچى پېئىللارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىر ئومۇمىي تەبىر بېرىلىپ، (تۈس

كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ دەپ تەبىر بېرىلگەن) بىر نەچچە مىساللار كۆرسىتىلگەندىن سىرت ھەر قايسى ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ھېچنەرسە دېيىلمىگەن. يولداش ئىمىن تۇرسۇن تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات»خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەچكە، ئۇنىڭدا ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنا جەھەتتىن ئىزاھلىنىشى تېخىمۇ زۆرۈر ئىدى. لېكىن بۇ كىتاپتا ياردەمچى پېئىللار توغرىسىدا «ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلنىڭ مەنىسىنى تولۇقلايدۇ ياكى تەكىتلەيدۇ» دېگەن قىسقا تەبىردىن باشقا، ھېچقانداق كونكرېت مەلۇمات بېرىلمىگەن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $M$» دېمۇ ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئومۇمى تەبىر بېرىلگەندىن باشقا كونكرېت مەلۇمات بېرىلمىگەن؛ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $A$» دا ياردەمچى پېئىللارنى مەنە جەھەتتىن بىرمۇبىر ئىزاھلاشقا ھەرىكەت قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا يۈزەلىكتىن خالى بولالمىغان. بىر مۇنچە ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى چالا ياكى ناتوغرا ئىزاھلانغان. ياردەمچى پېئىللار ئۈستىدىكى بايانلارنىڭ مۇنداق خىلمۇ-خىل ۋە چولتا بولىشى ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ تېخى چوڭقۇرلاشمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەن بۇ ماقالىدا، ياردەمچى پېئىللارنىڭ گىراماتىك تەۋەلىگى ئۈستىدە توختالماي، پەقەت ئۇلارنىڭ چېكى ۋە مەنىسى ئۈستىدىلا ئۆزەمنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى. مېنىڭچە ياردەمچى پېئىللارنىڭ چېكىنى مۇقۇملاشتۇرماي تۇرۇپ، ئۇلارنى مەنا جەھەتتىن چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گىراماتىك تەۋەلىگى ئۈستىدە مۇۋاپىق بىر خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن ياردەمچى پېئىللارنىڭ مۇھىملىقى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ كېلەلىشىدە كۆرىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مەنا جەھەتتىن بىر قەدەر تولۇق ئىزاھلاپ بەرمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گىراماتىك تەۋەلىگى ئۈستىدە ھەر قانچە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلى ئەھمىيىتى زور بولمايدۇ.

## ياردەمچى پېئىللارنىڭ چېكى توغرىسىدا

بىز ياردەمچى پېئىللارنى پېئىلنىڭ گىراماتىكىلىق بىر تۈرى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدىكەنمىز ئۇ ھالدا بىز بۇ كاتېگورىيىگە كىرگۈزگەن پېئىللار جەزمەن مەلۇم ئورتاقلىققا ۋە باشقا پېئىللاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىشى كېرەك. مېنىڭچە تۆۋەندىكى 3 شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان پېئىللارنى ياردەمچى پېئىل ھېساپلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى: پېئىلنىڭ ھال پېئىل شەكلىگە ياكى ھال پېئىل شەكلىگە تەڭداش كېلىدىغان باشقا شەكىللىرىگە تۈرلىنىپ ياكى قوشۇلۇپ كېلىدىغان بولىشى كېرەك؛

ئىككىنچى: ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلغا بەلگىلىك تۈس كىرگۈزىدىغان ياكى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلاپ قالسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلغا مەنا جەھەتتە بېقىنىدىغان بولىشى كېرەك؛

ئۈچىنچى: مەلۇم دەرىجىدە ئومۇملىققا ئىگە بولىشى كېرەك. - مەلۇم ياردەمچى پېئىللىق مەنىسىدە ئايرىم بىر - ئىككى پېئىل بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغان بولىشى كېرەك. كونكرېت مىسال بىلەن كۆرسەتسەك «ئاغرىپ قال»، «كۆرۈپ قوي»، «كەلمەي

تۇر»، «كەلگىلى تۇرــ»، «كېلىشكە باشلاــ»، «ئاڭلاپ ئولتۇرــ»، «كىرىپ كەتــ» «بىرىكمىلىرىدىكى «قالــ»، «قويــ»، «تۇرــ» پېئىللىرى مۇشۇ ئەھۋال ئاستىدا ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇلاردىن پەقەت «باشلاــ» پېئىلى كۆپ ھاللاردا پېئىلنىڭ مەقسەت ھال پېئىل شەكلى بىلەن تەڭداش بولۇپ كېلىدىغان يۆنىلىش كېلىشتىكى ھەركەت نامى شەكلىگە كىرگەنلىگىدىن باشقا، ھەممىسى پېئىلنىڭ ھال پېئىل شەكلىگە تۇرلىنىپ كەلگەن؛ «قالــ»، «قويــ»، «تۇرــ» پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى پېئىلغا بەلگىلىك تۈس كىرگۈزۈپ كەلگەن. «باشلاــ، ئولتۇر، كەتــ» پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىدىكى پېئىلغا مەنا جەھەتتىن بېقىنىپ كەلگەن. (بۇ بىرىكمىلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى «كەلــ، ئاڭلاــ، كىرــ»، پېئىللىرى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ)؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك ئومۇملۇققا ئىگە بولۇپ، شۇ خىل ياردەمچى پېئىللىق مەنىسىدە بىر تۈركۈم ياكى بىر قىسىم پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلەلەيدۇ. (مەسىلەن: ئاغرىپ قالــ، كېلىپ قالــ، ئۇرۇشۇپ قالــ، كورۇپ قويــ، كەلمەي تۇرــ جاۋاپ بەرگىلى تۇرــ كېلىشكە باشلاــ ئاڭلاپ ئولتۇرــ، كىرىپ كەتــ) بىر قانچە كىتاپلاردا «ئىد (ئىدى، ئىكەن، ئىمىش)» پېئىلمۇ ياردەمچى پېئىللار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان ①. مەلۇمكى، بۇ پېئىل بىر بولسا ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ھۆكۈم مەنىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم راي، زامان، شەخس ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. (مەسىلەن: ئوقۇغۇچى ئىدىم، ئۇن ئىكەن، يالغۇز ئىمىش)، بىر بولسا پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ پېئىلنىڭ مەلۇم راي، زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ. (مەسىلەن: كېلەر ئىدى، يېزىۋىدىم، بىلگەن ئىكەن...) دېمەك بۇ پېئىلنىڭ مەيلى بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەنا جەھەتتىن بولسۇن يۇقۇرىدىكى ياردەمچى پېئىللار بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىغى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پېئىل ياردەمچى پېئىللار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلماي، ئۆز خاراكتېرى بويىچە ئايرىم كاتېگورىيە ھېسابلىنىپ، ئايرىم تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ پېئىل تۈركى تىللار توغرىسىدىكى ئەسەرلەردە ئۆزۈندىن بۇيان «تولۇقسىز پېئىل» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. (مېنىڭچە بۇ پېئىل باغلامچى پېئىل كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ).

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $A$ »دا «ئېلىپ كىرــ، ئېلىپ چىقــ، ئېلىپ چۈشــ، ئېلىپ كەلــ، ئېلىپ بارــ» قاتارلىق بىرىكمىلەر تەركىۋىدىكى «كىرــ، چىقــ، چۈشــ، كەلــ، بارــ» پېئىللىرى ياردەمچى پېئىل ھېسابلانغان. ھەتتا «كورمىگەن بولــ، كېتەر بولــ» بىرىكمىلىرى تەركىۋىدىكى «بولــ» پېئىلىمۇ ياردەمچى پېئىل ھېسابلانغان. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $M$»دىمۇ «سېتىپ ئالــ، سېتىۋالــ، سەكرەپ ئىلگىرلەــ، يۈگۈرۈپ چىقــ» بىرىكمىلىرىدىكى «ئالــ، ئىلگىرلەــ، چىقــ» پېئىللىرى ياردەمچى پېئىل ھېسابلانغان. لېكىن بۇ بىرىكمىلەر تەركىۋىدە كەلگەن پېئىللارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياردەمچى پېئىل ھېسابلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇلاردىن «ئېلىپ كىرــ، ئېلىپ چىقــ، ئېلىپ چۈشــ، ئېلىپ كەلــ، ئېلىپ بارــ، سېتىپ ئالــ، سېتىۋالــ» بىرىكمىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان «ئېلىپ كەتــ، ئېلىپ قالــ، بېرىپ كەلــ، كېلىپ كەتــ، چىقىپ چۈشــ» قاتارلىق بىرىكمىلەر بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغان قوشۇلما مۇناسىۋەتتىكى پېئىل بىرىكمىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىرىكمىلەرنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتى شۇكى؛ ئۇلار ئۆز تەركىۋىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ باراۋەر قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر ھەركەتنى ياكى بىر مۇرەككەپ ھەركەتنى ئىپادىلەيدۇ. ھال پېئىلــ

① «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $M$، $A$»لارغا «ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات» غا قارالسۇن.



Altun0q

دىن كېيىن كەلگەن پېئىل ئۆزىنىڭ لىكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ھەم ھال پېئىلغا مەنا جەھەتتىن بېقىنمايدۇ. (جانلىق تىلدا بۇ خاراكتېردىكى نۇرغۇن بىرىكمىلەرنىڭ تاۋۇش جەھەتتىن يۇغۇرۇلۇپ، بىر سۆزگە ئايلىنىپ كېتىش خاھىشى بار. مەسىلەن: «ئەكىر-» ياكى «ئېپكىر»، «ئەچىق-» ياكى «ئەپچىق-»، «ئەچۈش-» ياكى «ئەپچۈش-»، «ئەكەل-» ياكى «ئەپكەل» دېگەنگە ئوخشاش) «ئۇچۇپ چىق-، ئۇچۇپ چۈش-، يۈگۈرۈپ كەل-، يۈگۈرۈپ بار-»، «سەكرەپ ئىلگىرلە-» بىرىكمىلەرى تەركىۋىدىكى «چىق-، چۈش-، كەل-، بار-، ئىلگىرلە-» پېئىللىرى بولسا خۇددى «مېڭىپ بار «مېڭىپ كەل-، ئومىلەپ چىق-، سەكرەپ چۈش-، «بەسلىشىپ ئىلگىرلە-» بىرىكمىلىرى تەركىۋىدىكى «چىق-، چۈش-، كەل-، بار-، ئىلگىرلە-» پېئىللىرىغا ئوخشاشلار ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھال پېئىلنى ھالەت سۈپىتىدە ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن ئاساسى پېئىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىرىكمىلەردە ئىككىنچى پېئىل بىرىنچى پېئىلغا ئەمەس، بەلكى بىرىنچى پېئىل ئىككىنچى پېئىلغا بېقىنىدۇ. «كۆرمىگەن بول-، بارىدىغان بول-، كەتمەكچى بول-» بىرىكمىلىرىدىكى «بول» غا كەلسەك، بۇ پېئىل «يېزىپ بول-»، قاتارلىق بىرىكمىلەردىكى «بول» غا تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا خاراكتېردىكى بىر پېئىل، بۇ «ئادەم بول-، ياخشى بول-»، قاتارلىق بىرىكمىلەردىكى «بول» بىلەن بىر خاراكتېردە بولۇپ، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن جۈملىدىن، پېئىلنىڭ سۈپەتداش ۋە مەقسەت پېئىل شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنى شەخس، راي ۋە زامان ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. دېمەك بۇ پېئىلمۇ خۇددى «ئى-، (ئىدى، ئىكەن، ئىمىش)» پېئىلىغا ئوخشاش ئايرىم كاتېگورىيە ھېساپلىنىپ، ئايرىم تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. (مېنىڭچە، بۇ پېئىلمۇ «ياردەمچى پېئىل» كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ).

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى × دا «ئېيتقۇم كەلدى-، ئىشلىگۈم كەلمەيدۇ» دېگەندىكى «كەل-» مۇ ياردەمچى پېئىل قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان. بۇ يەردىكى «كەل» پېئىلىنىڭ خۇددى «ئېيتقۇم بار، ئىشلىگۈم يوق» دېگەن جۈملىلەردىكى «بار»، «يوق» غا ئوخشاش مۇستەقىل ھالدا خەۋەر بولۇپ كەلگەنلىكى ناھايىتى روشەن كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا «كەل» نىمۇ ياردەمچى پېئىل ھېساپلىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات» دا «ئىبارەت» سۆزى ياردەمچى پېئىل قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلغان. لېكىن بۇ سۆز پېئىل ئەمەس. شۇڭا ئۇنى ياردەمچى پېئىل ھېساپلاشقا بولمايدۇ.

قىسقىسى قانداق سۆزلەرنىڭ ياردەمچى پېئىل بولالايدىغانلىقىنى، قانداق ئەھۋال ئاستىدا ياردەمچى پېئىل ھېساپلىنىدىغانلىقىنى يۇقۇرىدا كۆرسۈتۈلگەن ئۈچ ئۆلچەم بويىچە ئۆلچەش كېرەك. بۇ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پېئىللارنى ياردەمچى پېئىل كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ كىرىش ياردەمچى پېئىللار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تۈيۈق يولغا كىرگۈزۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

مۇشۇ ئۈچ ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى پېئىللار بەلگىلىك شارائىتتا ياردەمچى پېئىل بولۇپ كېلەلەيدۇ:

قال-، قوي-، كەت-، ئەت-، (7 ئەۋەت-)،
تاشلا-، ئال-، بەر-، بول-، چىق-، باق-،
كۆر-، كەل-، ئۆت-، باشلا-، ۋات-، (7 يات-)،
يات-، ئولتۇر-، تۇر-، يۈر-،

## ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم ياردەمچى پېئىللارنىڭ مەنىسى بىر ـ بىرلەپ ئىزاھلاپ ئۆتۈلىدۇ،

### قال ـ

1. ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ «پ: ت: ۋپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ مەزكۇر ھەرىكەتنى ئورۇنلاپ بولغان ھالەتتە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەھۋالدا گەپ ئىگىسىنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى ئورۇنلىشى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاپ بولغان ھالىتى ئۈستىدە بارىدۇ. مەسىلەن: «ئۇلار سائەت 11 دە ياتىدۇ» دېگەن جۈملىدە «ئۇلار» نىڭ «ياتماق» ھەرىكىتىنى ئورۇنلىشى بايان قىلىنغان بولسا، «تېزرەك بارايلى، بولمىسا ئۇلار يېتىپ قالىدۇ» دېگەن جۈملىدە «ئۇلار» نىڭ «ياتماق» ھەرىكىتىنى ئورۇنلاپ بولغان ھالەتتە كىرىشى بايان قىلىنغان. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق:

ئاستا گەپ قىلىڭلا، بالا ئۇخلاپ قالدى.

مېنىڭ سائىتىم توختاپ قاپتۇ.

تامىغىنى چاپسان يە، سوۋۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ ھارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغان ئىكەن، چىقىرىشىپ بەردۇق.

ئاممىۋى ئۇقتىسىنەزىرى كەم بولغانلىقتىن ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان يولداشلار بار.

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت شۇ ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ دائىملىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. (بۇ مەنىدە كۆپىنچە ئورۇنلىنىش جەريانىنى ئۇزارتقىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلىگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ.) مەسىلەن:

مېنىڭ ئىككى تال چىشىم مىدىرلاپ قالدى.

يوتۇلۇپ قاپسەنغۇ، نېمە بولدۇڭ؟

ئۇ يەنە سوزلەپ قاپتۇ.

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

كېچىك ۋاختىمدىكى بىر ئىش يادىمغا چۈشۈپ قالدى.

بىر كۈنى مەن ئۇنى كوچىدا كۆرۈپ قالدىم.

ئۇلار چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپلا قىزىرىشىپ قالدى.

4) سوزلىگۈچىنىڭ ھال پېئىلى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت مۇشۇ بىر قېتىم بىلەن چەكلىنىشى مۇمكىن دېگەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ

مەسىلەن: ناخشىڭىزنى بىزگەمۇ ئېيتىپ بېرىڭ، بىزمۇ بەھرىمەن بولۇپ قالايلى.

ـ ۋېنى، (ھىكايە تىلىك سۆزلىگىنىڭ) ئۈچىنچىسىنىمۇ ئېيتىۋېتىڭ،
ئاڭلاپ قالاي ،ـ دەپتۇ ئەپەندىم.

5) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەنلىكىنى ياكى پۈتۈشكە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. (بۇ مەنىدە ئاساسەن پۈتۈش جەريانى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن بولغان ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلىگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ) مەسىلەن:

بېنزىن تۈگەپ قالدى، ئالدىنقى بىكەتتە ماي جىقلىمىساق بولمايدۇ.

2. ئىمكانىيەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان (ياردەمچى پېئىل «ئال ـ» بىلەن بىرىككەن) پېئىللارنىڭ بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى قىلالمايدىغان ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ ياكى شۇ بولۇشسىز ھەرىكەتكە تاسادىپىلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھاياجانلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى.

3. بىر قىسىم پېئىللارنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتكە تاسادىپىلىق تۈسى كىرگۈزىدۇ ياكى ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىزلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

مەسىلەن: خىش يەتمەي قالدى، بولمىسا بۈگۈن تۈگەيتتى.

ئۇ ئوكۇل ئۇرۇشقا بەك ئۇستا، سەزمەي قالىسەن.

4. بولۇشسىز شەكىلدە پېئىلنىڭ «ي» بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

(1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ چوقۇم بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ خەۋەرنى ئۇلار ئاڭلىماي قالمىدى (چوقۇم ئاڭلىدى)

(2) ئىنكارنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشلۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. (بۇچاغدا ھامان ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلىدۇ.) مەسىلەن:

بۇنداق كەلگۈلۈكلەر ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلمەي قالمىدى. (كەلدى)

## قوي ـ

1. ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ « پ : پ : رۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ. تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى شۇ ھەرىكەت تولۇق ئۆتكەن ھالەتكە كىرگۈزۈشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدىكى «قوي ـ» يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان «قال» نىڭ بىرىنچى تارماقتىكى 1 ـ مەنىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ. يەنى، «قال ـ» ئاساسەن ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكسە، «قوي» ئاساسەن ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

مەنسەپ بىرىپ ئويۇمنى تارلاشتۇرۇپ قويدىڭىز.

(سىلىشتۇرۇڭ : مەنسەپكە چىقىپ ئۆيۈم تارلىشىپ قالدى)

دىققەت قىلمىساق بىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ .

( سىلىشتۇرۇڭ : دىققەت قىلمىساق پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز )

2) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا تاسادىپىلىق تۈسى كىرگۈزىدۇ . بۇ مەنىدىكى «قوي ـ» يوقۇرىدا بايان قىلىنغان «قال ـ» نىڭ 3 ـ مەنىسى بىلەن مەنداش بولۇپ، پەقەت ئۇقۇملۇق ۋە ئۇقۇمسىز جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن : ئۇنىڭغا تەگمەڭ . بۇزۇپ قويىسىز .

( سىلىشتۇرۇڭ : ئۇنىڭغا تەگمەڭ بۇزۇلۇپ قالىدۇ . )

3) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئىش ئۈچۈن ئالدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن :

ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ قويغان ، بارمىسام بولمايدۇ .

كىتاۋىڭىزنى ئەخمەتنىڭ ئۆيىدە قويۇپ قويدۇم ، ئېلىۋېلىڭ .

4) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇنداقلا بىر بولۇپ ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن : ئۇ بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى ـ دە ، ئارتۇق گەپ ـ سۆز قىلمىدى .

بۇ مەنىدىكى « قوي ـ » كۆپ ھاللاردا هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا رەسمىيەتچىلىك ياكى ئەھمىيەتسىزلىك تۈسىنى كىرگۈزىدۇ . مەسىلەن :

چاخچاق قىلىپ قويسام خاپا بولۇۋاتىدۇ .

ئەپۇ سوراپ قويساڭ بولدى ئەمەسمۇ ؟

2 . بەزى پېئىللارنىڭ « ي » بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتكە قەتئىلىك تۈسىنى كىرگۈزىدۇ . مەسىلەن :

ۋاقتىڭ بولمىغاندىن كېيىن بارماي قوي .

كۆپ زورلىدىم ، كىرمەي قويدى .

3 . بولۇشسىز شەكىلدە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ « ي » بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىماي تىنىماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئۇنى تاپماي قويمايمەن .

## كەت ـ

1 . ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە قىسمەن ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ « ىپ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ؛

1) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يۆنەلگەن ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ . دېمەك بۇ ئەھۋالدا « كەت ـ » نىڭ مەنىسى بىر قەدەر كۈنگىرتنى بولىدۇ . مەسىلەن: ئۇلار يېقىندا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىدۇ .

— بىر بىجەم سوپىدىن چۈشۈپ كەتكەن ، ـ دەپتۇ ئەپەندىم .



AltunOq

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ بىردىنلا ياكى پۈتۈنلەي شۇ ھەرىكەتنى ئو-رۇنلىغان ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

تارتىۋەمە ، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ .

ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى.

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى دەرىجە ياكى قېتىم سانى ، ياكى داۋاملىشىش جەھەت-تىن، ياكى مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەھۋال جەھەتتىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا ئىسسىپ كەتتى .

كىمنىڭ بالىسى بۇ ، بەك يىغلاپ كەتتىغۇ ؟

4) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىراقلا باشلىنىپ داۋاملىشىپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن :

ماڭايلى دەپ تۇرساق يامغۇر يېغىپ كەتتى .

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، تېزلا يۈرۈپ كەتتى .

5) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قايىل بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

كۈچ دېگەنمۇ بار ئىكەن ، شۇنچە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ كەتتى .

2. بىر قىسىم پېئىللارنىڭ " ي " بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بې-رىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىز ھالىتىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى بىل-دۈرىدۇ . ( ئاساسەن ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلىدۇ ) مەسىلەن :

سېنىڭ بۇ ئىشىڭمۇ پۈتمەي كەتتى .

## ئەت- ( ئەۋەت- )

بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلى " ئەۋەت " بولۇپ ، پېئىلنىڭ " پ : ىپ : ۇپ " قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلىگە قوشۇلۇپ كېلىش نەتىجىسىدە ھال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى "پ" تاۋۇشى بىلەن ياردەمچى پېئىلنىڭ بېشىدىكى " ئە " تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان ، شۇنىڭ بىلەن گويا پېئىلنىڭ" پ : ىپ : ۇپ " قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلىگە " ئەت " سۆزى قوشۇلغاندەك بولۇپ قالغان . شۇنىڭغا قاراپ ، بەزىلەر بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلى " ئەت- " دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ . ("ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $x$ " " ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $A$ " " ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋات"لاردا شۇنداق ھېساپلانغان ) بۇ پەقەت شەكىلنىلا نەزەرگە ئېلىپ، مەنىگە ئېتىۋار بەرمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى . بىزگە مەلۇمكى ، بۇ ياردەمچى پېئىل بىر تەرەپتىن كۆپ ھاللاردا " تاشلا- " دېگەن ياردەمچى پېئىل بىلەن مەنىداش بولۇپ كەلسە ، ( مەسىلەن : كۈلۈۋەتتى - كۈلۈپ تاشلىدى ) ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ ھاللاردا ياردەمچى پېئىل"كەت-"نىڭ ئۇقۇملۇق جۈپى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ . ( مەسىلەن : كۈلۈپ كەتتى - كۈلدۈرۈۋەتتى) . مەنە جەھەتتىن قارىغاندا ، بۇ يەردىكى " تاشلا- " " كەت- " پېئىللىرى بىلەن پەقەت " ئەۋەت- " پېئىللىرى مۇناسىۋەتلىك بولالايدۇكى ، " ئەت- " پېئىلى ھېچقانداق مۇناسىۋەت باغلىيالمايدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، تۈركىي تىللارنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇشۇنداق " ئەۋەت- "

پېئىلغا تەڭبولغان ياردەمچى پېئىل ( مەسىلەن : ئۆزبەك تىلىدا " يۈبۈر ـ » قازاق تىلىدا " جىبەر » ) قوللۇنىلىدۇ . دېمەك بۇ يەردىكى ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلى " ئەت ـ » ئەمەس ، بەلكى " ئەۋەت ـ » ( "هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى $M$ »دا شۇنداق ھېسابلانغان). بۇ ياردەمچى پېئىل تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ .

1 ـ ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ ۋە قىسمەن ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ " پ : ىپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يۆنەلگەن ھالەتكە كىرگۈزۈلۈشىنى بىلدۈرىدۇ . دېمەك بۇ مەنىدىكى "ئەت» يوقۇرىدا بايان قىلىنغان " كەت ـ » نىڭ 1 ـ تارماقتىكى 1 ـ مەنىسى بىلەن مەنىداش ، پەقەت ئۆتۈملۈق ۋە ئۆتۈمسىز جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ ، مەسىلەن :

ئۇلارنى كوچۇرۇۋەتتى . ( ئۇلار كوچۇپ كەتتى )

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ بىردىنلا ياكى پۈتۈنلەي شۇ ھەرىكەت ئۆتكەن ھالەتكە كىرگۈزۈلۈشىنى بىلدۈرىدۇ . دېمەك بۇ مەنىدىكى " ئەت ـ » يوقۇرىدا بايان قىلىنغان " كەت ـ » نىڭ 1 ـ تارماقتىكى 2 ـ مەنىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ ، پەقەت ئۆتۈملۈق ۋە ئۆتۈمسىز جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن :

ئاستا گەپ قىلىڭلار ، بالىنى ئويغىتىۋېتىسىلەر ( بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ )

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ھەرىكەت ئوبيېكتىغا ئۆتكەن ھالىتىنى دەرىجە ياكى قېتىم سانى ، ياكى داۋاملىشىش ۋاقتى جەھەتتىن ياكى مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەھۋال جەھەتتىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ . دېمەك بۇ مەنىدىكى " ئەت ـ »يوقۇرىدا بايان قىلىنغان " كەت ـ » نىڭ 1 ـ تارماقتىكى 3 ـ مەنىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ ، پەقەت ئۆتۈملۈق ۋە ئۆتۈمسىز جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن :

ھېلىقى دورا ئىچىمنى قىزىتىۋەتتى .

(ھېلىقى دورىنى ئىچىپ ، ئىچىم قىزىپ كەتتى )

4) بەزىدە ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتىم .

ئۇ قورقۇپ ۋاقىرىۋەتتى .

5) بەزىدە ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىر خىل كەسكىن قارار بىلەن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ھېلىقى مەجلىسنى بۇگۈن ئېچىۋەتەيلىمۇ ؟

مەنمۇ ئىككى پارچە خەت يېزىۋەتتىم .

## تاشلا ـ

بۇ ياردەمچى پېئىل يوقۇرىدا بايان قىلىنغان " ئەت ـ » ( < ئەۋەت ـ ) بىلەن مەنىداش بولۇپ ، بەزى ئورۇنلاردا شۇنىڭ بىلەن ئالمىشىپ كېلىشى مۇمكىن . مەسىلەن : شاكىلىنى چىقىرىپ

تاشلاپ ( چىقىرىۋېتىپ ) مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم ،
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم ( كۈلۈۋەتتىم )

## ئال -

1. پېئىلنىڭ ” پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ( بۇ ياردەمچى پېئىل ھال پېئىل بىلەن زىچ بىرىكىپ كېتىش نەتىجىسىدە ، ھال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى ” پ » تاۋۇشى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىغا كىرىپ ، ” ۋ » تاۋۇشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ )

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئوبىكتى ياكى ئۇنۇمىنىڭ سوبىكتىپ تەرەپكە (تەۋەلىگىگە ) ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئۇلار بۇ يىل ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىۋالدى .

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتتىن مەنپەئەتدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

تاماق يەۋېلىپ ئاندىن ئىشلەيلى .

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

كۈچۈڭنىڭ بارىدا ئىشلىۋال.

4) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ياكى قارشىلىق كورسىتىش ئۈچۈن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

بۇ يولدا سۇ يوق ، سۈنى كوپرەك ئېلىۋالايلى .

5) بەزى پېئىللار بىلەن ، بولۇپمۇ باغلامچى بولۇپ كەلگەن ” بول - » پېئىلى بىلەن بىرىكىپ ، ھەرىكەتنىڭ يالغاندىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئاڭلىمىغان بولىۋېلىپ ، جىم ئولتۇرۇۋالغىنىنى قاراڭ ئۇنىڭ !

2. پېئىلنىڭ ” ئا : ئە : ي » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قادىر ياكى ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ [ ياردەمچى پېئىل ھال پېئىلغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ . ” ئا : ئە » بىلەن ئاخىرلاشقان ھال پېئىللارغا قوشۇلغاندا ، ياردەمچى پېئىلنىڭ بېشىدىكى ” ئا : ئە » تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ ، ئاخىرىغا ” ئا : ئە » تاۋۇشى قوشۇلىدۇ . ( مەسىلەن : يازا+ ئال > يازالا ) ، » ي » بىلەن ئاخىرلاشقان ھال پېئىلغا قوشۇلغاندا ھال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى ” ي » تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، چۈشۈپ قالماسلىقىمۇ مۇمكىن . ( مەسىلەن : سوزلەي + ئەلە < سوزلىيەلە ياكى سوزلەلە ) ] . مەسىلەن :

مەن خەنزۇچىنى ئۇنچىلىك سوزلىيەلمەيمەن .

## بەر -

1. پېئىلنىڭ ” پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

1) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ باشقا ئادەم ياكى نەرسە ئۈچۈن ياكى باشقا بىر كەمگە قارىتىپ ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ بىزگە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى .

2) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ئىشنىڭ بولىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

كوپرەك ھەرىكەت قىلىپ بەر ، بولمىسا سەمرىپ كىتىسەن .

2. پېئىلنىڭ « ئا : ئە : ي » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىگىنى ياكى توسالغۇسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ ( ياردەمچى پېئىل هال پېئىلغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ بېشىدىكى « ب » تاۋۇشى « ۋ » تاۋۇشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . « ي » بىلەن ئاخىرلاشقان هال پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى « ي » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ) مەسىلەن :

ئەپەندىم سەجدىگە باش قويغىنىچە يېتىۋىرىپتۇ .

3. پېئىلنىڭ « ي » بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، هال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى « ي » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىماسلىق ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ ( ئاساسەن بۇيرۇق راي ۋە پۈتمىگەن هازىرقى زامان شەكلىدە قوللىنىلىدۇ . ) مەسىلەن :

يازمىسام يازماۋىرىمەن .

## بول ـ

پېئىلنىڭ « پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تولۇق پۈتۈشىنى ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقىدار بولىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

بۇ كىتاپنى بۈگۈن ئوقۇپ بولىمەن .

مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالمىدىم ، ئازراق قالدى .

## چىق ـ

1. پېئىلنىڭ « پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان هال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

1) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئى ياكى هالىتى بىلەن باشتىن ـ ئاخىر ئالاقىدار بولىشىنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن : ئۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن كورۇشۇپ چىقتى .

2) هال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئارقىلىق مەلۇم شەيئىنى ئايرىپ چىقىرىش ياكى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن : يېقىنقا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقتۇق .



AltunOq

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ چىقىشىنى ياكى كوزگە كورۇنۇشىنى بىلدۇرىدۇ . مەسىلەن :

نۇرغۇن كادىرلار يېتىشىپ چىقتى.

## باق ـ

1. پېئىلنىڭ " پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بېرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ياكى مەلۇم بىر ئىشتىن خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۇرىدۇ . مەسىلەن:

ساناپ باقتىم، دۇرۇس ئىكەن .

بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى .

بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەلگەن ھەرىكەتنىڭ زادى بولمىغانلىقىنى بىلدۇرۇشىمۇ مۇمكىن . مەسىلەن .

بۇ يەردە مۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان .

2. پېئىلنىڭ " ي » بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ياكى مەلۇم بىر ئىشتىن خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۇرىدۇ . مەسىلەن :

تونامدۇ ـ تونۇمامدۇ دەپ گەپ قىلماي باقتىم .

## كور ـ

بۇ ياردەمچى پېئىل يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان " باق ـ » بىلەن مەنىداش بولۇپ ، كوپ ھالLاردا شۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ .

مەسىلەن : بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ كورەيلى .

## كەل ـ

1. پېئىلنىڭ " پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سوز بولۇۋاتقان چاققىچە ئۈزلۈكسىز ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ باشتىن ـ ئاخىرى مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە قىزغىن ياردەم بېرىپ كەلدى .

2. پېئىلنىڭ " ي » بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھالەتنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۇرىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ باشتىن ئاخىر قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەي كەلدى .

## ئوت ـ

بەلگىلىك سوزلىمە جەريانىغا ئىگە بولغان ۋە ئاساسەن نوتۇق پائالىيىتىنى بىلدۇرىدىغان بىر قىسىم ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ "پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ھال پېئىل شەكلى

بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ پۈتۈن جەريانى بىلەن بىر قېتىم ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن : مەن بۇ ئۆز پىكىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتەي .

## باشلا –

پېئىلنىڭ «غىلى : قىلى : گىلى : كىلى» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل (مەخسەت ھال) شەكلى بىلەن ياكى يۈزلۈش كېلىشىكى ھەرىكەت نامى شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ياكى ھەرىكەت نامى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلگىلى ( كېلىشكە) باشلىدى.

## ۋات – ( < يات – )

بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلى « يات – » بولۇپ ، پېئىلنىڭ « پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىش نەتىجىسىدە بېشىدىكى « ي » تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ . ھال پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى « پ » تاۋۇشى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى «ۋ» تاۋۇشىغا ئايلىنىپ ، بوغۇم جەھەتتىن ياردەمچى پېئىل تەركىبىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياردەمچى پېئىل « ۋات – » شەكلىگە كىرىپ قالىدۇ . ( م : كېلىۋاتىدۇ ) ھەم باشقا ھال پېئىل شەكىللىرى بىلەن بىرىككەندىمۇ شۇ بويىچە ھال پېئىلغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ ( م: كەتكىلىۋاتىدۇ ، كەلمەيۋاتىدۇ ) .

1. پېئىلنىڭ « پ ىپ ۇپ » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە سوزۇلمىلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ . مەسىلەن .

مەن دەرس تەكرارلاۋاتىمەن ، ئەخمەت ئۆيگە خەت يېزىۋاتىدۇ .

2. پېئىلنىڭ« ي » بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتكە سوزۇلمىلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ مېنىڭ پىكىرىمگە قوشۇلمايۋاتىدۇ .

ئىش زادىلا ئەپلەشمەيۋاتىدۇ .

3. پېئىلنىڭ« غىلى : قىلى : گىلى : كىلى » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل ( مەقسەت ھال پېئىل ) شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە تەمشەلمەسلىك تۈسىنى كىرگۈزىدۇ : مەسىلەن :

چىراقنى پەپىلەپ قوي ئۆچكىلىۋاتىدۇ.

ياتـ ، ئولتۇر– ، تۇر– ، يۈر–

بۇ 4 ياردەمچى پېئىلمۇ خۇددى ياردەمچى پېئىل «ۋاتـ» قا ئوخشاش پېئىلنىڭ «پ : ىپ : ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە سوزۇلمىلىق تۈسى كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ ، لېكىن بۇ 4 ياردەمچى پېئىل مەنا جەھەتتىن ياكى تۈرلىنىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن ياردەمچى پېئىل « ۋات – » تىن تۆۋەندىكىچە پەرقلىنىدۇ .

1. " ۋاتـ ـ " ياردەمچى پېئىللى ھەركەت ئىگىسىنىڭ ھەر قانداق ھالەت ئاستىدىكى سوزۇلما
ھەركىتىنى ئىپادىلەيدۇ . " ياتـ ـ " ، " ئولتۇر ـ " " تۇر ـ "، " يۈر ـ " لەر بولسا ئايرىم ـ
ئايرىم ھالدا ھەركەت ئىگىسىنىڭ ياتقان ، ئولتۇرغان ، تۇرغان ، ئۈيان ـ بۇيان يۈرگەن ھالەت ـ
تىكى سوزۇلما ھەركىتىنى ئىپادىلەيدۇ . دىمەك بۇ 4 ياردەمچى پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سو ـ
زۇلما ھەركەت " ۋاتـ ـ " ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن سوزۇلما ھەركەتكە قارىغاندا كونكرىت بولىدۇ .
ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا بۇ بىرىكمىلەردە ياردەمچى پېئىللار ئوزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنە ـ
سىنى ساقلايدۇ . مەسىلەن :

ئۇ ياتاقتا كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ ، ( ئۇ ياتاقتا كىتاپ ئوقـۇۋاتىدۇ )

باللار ھويلىدا ئويناپ يۈرۈيدۇ، ( باللار ھويلىدا ئويناۋاتىدۇ )

2 . بۇ 4 ياردەمچى پېئىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەركەتنىڭ ئورۇن ـ
لانغان ھالىتىنىڭ سۇزۇلمىسىنى ئىپادىلەپ كېلەلەيدۇ . لېكىن ياردەمچى پېئىل " ۋاتـ ـ " دا بۇ
ئىقتىدار يوق . مەسىلەن :

قاچان قارىساڭ ئۇ، كۈلۈپلا يۈرۈدۇ، باغدا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى.

3 . " ۋاتـ ـ " ياردەمچى پېئىلى پېئىلنىڭ بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىدا ۋە ئاددى ئوتكەن زامان
شەكلىدە كېلەلمەيدۇ. پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەندە ، پەقەت
ھازىر بولاۋاتقان سوزۇلما ھەركەتنىلا ئىپادىلەپ كېلىدۇ . بۇ 4 ياردەمچى پېئىل بولسا بۇيرۇق تە ـ
لەپ رايىدىمۇ ، ئاددى ئوتكەن زامان شەكلىدىمۇ كېلەلەيدۇ. پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھازىرقى زامان
قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەندە ھازىر بولاۋاتقان سوزۇلما ھەركەتنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن ( يۇقۇ ـ
رىدىكى مىساللارغا قارىغاندا كېيىن بولىدىغان سوزۇلما ھەركەتنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن .
مەسىلەن :

مەن ئوقاي سەن ئاڭلاپ يات . سەن ئېسىڭنى بىلىپ يۈر !

مېنىڭ سوزلىگىنىمنى سەن خاتىرلەپ ئولتۇر . سەن يوتكە ، مەن ساناپ تۇراي. "ئولتۇر،ـ
تۇر ـ ، يۈر ـ " ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ ھەر قايسى يەنە تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەپ
كېلىدۇ .

## ئولتۇر ـ

پېئىلنىڭ ( ئاساسەن نۇتۇق ھەركىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنىڭ ) " پ : ىپ : ۇپ " قو ـ
شۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەركەت
ئۇچۇن ۋاقىت سەرپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . ( بۇ ياردەمچى پېئىل ئاساسەن ئىنكار مەنىسى ـ
دىكى جۈملىلەر تەركىۋىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

شۇنچىلىك بىر ئىش ئۇچۇنمۇ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرامسەن ؟

مېنىڭچە بۇ يەردە پاكىت كورسىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق .

## تۇر —

1. پېئىلنىڭ «پ : ىپ : ۇپ» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھالپېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۇۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

1) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ دائىم تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ .

ئۇنتۇپ قالماي خەت يېزىپ تۇر .

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن : سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ، مەن ھازىرلا كېلىمەن .

چاپسانىراق كەل سىنى مەشەدە كۈتۈپ تۇراي .

2 . پېئىلنىڭ « ي » بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن:

كەتمەي تۇرايلى، ئۇ ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ .

3. پېئىلنىڭ «غىلى : قىلى : گىلى : كىلى» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ھال پېئىل ( مەقسەت ھال پېئىلى ) شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش ۋە ئىزچىل داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن : ئۇ بىزنى كورىشى بىلەنلا كۈلگىلى تۇردى.

ئۇ مەندىن يەنە سوئال سورىغىلى تۇردى .

## يۇر —

1. پېئىلنىڭ « پ : ىپ : ۇپ » قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ھالپېئىل شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

1 ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى ياكى كۆپ تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ ( بۇ خىل بىرىكمە ئاساسەن ھال پېئىل شەكلىدە قوللىنىلىدۇ ) مەسىلەن :

يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران ئالدىم .

ئۇ باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ يۈرۈپ، سالامەتلىگىدىن ئايرىلدى.

2) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋارە بولۇش ، جاپا چېكىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن:

بۇ ئېغىر نەرسىنى نەلەردە كۆتۈرۈپ يۈرەي، مەشەدە قالسۇن.

3) ھال پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تۇغۇلۇشى سوزلىگۈچىنىڭ كونكرېت تولىمۇ يىراق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ خىل جۈملىلەر ھامان تەئەججۈپلەنگەن ، مازاق قىلغان تەرىزدە ئېيتىلىدۇ . مەسىلەن :

نېمە دەپ يۈرىدۇ ، ما ئادەم !

بۇ مەنىدىكى « يۈر — » نىڭ بولۇشسىز شەكلى ھامان بۇيرۇق — تەلەپ رايىدا كېلىپ ئالا— ھىدە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :



AltunOq

# دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى ئوقۇتۇش مېتودىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە

رىشات ياقۇپ

دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال — ئالىي ماتېماتىكىدىكى ئاساسىي چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىدى. 17- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نيۇتون، لېيبنىس، قاتارلىق ماتېماتىكا ئالىملىرى تەرىپىدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بۇ چۈشەنچە تەبىئىي پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ، پەن-تېخنىكا ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى خاس ماتېماتىكا تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-ئىدىرەك تەرەققىيات تارىخىدىكى زور ئىش، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ ساھەدە قىلغان ئەمگىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە. ماركس، ئېنگېلس تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ، سىياسىي ئىقتىسات، پەلسەپە تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. كېيىنچە ماتېماتىكا باشتىن ئاخىر ماركس دائىم كۆڭۈل بۆلىدىغان، بېرىلىپ تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس بىر ساھە بولۇپ قالدى. بىر نەچچە ئون يىل ئىچىدە كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى يازدى، قولىيازمىلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە دىففېرېنسىئال، ئىنتېگرال ھەققىدە بولۇپمۇ دىففېرېنسىئالنىڭ جەريانى، دىففېرېنسىئال ئەمەلىنىڭ دىئالېكتىكىلىق ماھىيىتى قاتارلىقلار ھەققىدە ئاجايىپ چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھاسىلە فۇنكسىيەسى، دىففېرېنسىئال مەسىلىلىرىگە ئائىت ماقالىلارنى يازدى. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك "ماركس ماتېماتىكىنى پىششىق بىلەتتى" («ئانتى دېيورىنگ») ھەمدە بۇ ساھەدە مۇستەقىل ئىختىدارلىرى بار ئىدى. («ماركسنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق») ماركسنىڭ ھازىر كىشىلەرگە مەلۇم بولغان ماتېماتىكىغا دائىر قولىيازمىلىرى، ئېنگېلسنىڭ 1881 - يىل 8- ئاينىڭ 18- كۈنى، 1883- يىلى 6-

---

بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ يۈرمە، يەنە!

ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ يۈرمە، يەنە.

2. پېئىلنىڭ "ي" بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز ھال پېئىل شەكلى بىلەن بېرىكىپ، ھال پېئىل ئىپادىلىگەن بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. (بۇ خىل بېرىكمە ئاساسەن ھال پېئىل شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.) مەسىلەن:

ھېچكىمنى ياراتماي يۈرۈپ ئاخىرى بۇنىڭغا ئۇچرىدى.

ئاينىڭ 24- كۈنى ماركسقا يازغان خەتلىرى······ۋەلافارگقا يازغان خەتلىرى مەزمۇن ئىتىۋارى جەھەتتىن ساپ دىففېرېنسىيال ۋە ئىنتېگرال چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن تەتقىقات نامايەندىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىز دىففېرېنسىيال ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى زور ئىش دېگەندە پەن تەتقىقاتى ھەمدە ئەمەلى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە ئوينىغان رولىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىنقىلارنى ئۈلگە قىلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىم دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز ۋە ئۇستۇرۇشىمىز لازىم.

مەن بىر قانچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ماتېماتىكا ئانالىزىدىكى دىففېرېنسىيال ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى ئوقۇتۇش مېتودى جەھەتتە بەزى دەسلەپكى تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم.

## دىففېرېنسىيال ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت ۋە تەلەپ:

1. ئوقۇغۇچىلارغا ھاسىلە، دىففېرېنسىيال، ئىنتېگرال چۈشەنچىلىرى ۋە بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئارقا كورۇنۇشنى بىلدۈرۈش؛

2. ئوقۇغۇچىلارغا دىففېرېنسىياللاش ۋە ئىنتېگراللاشنىڭ ئاساسى ئۇسۇللىرىنى ئىگەللىتىش؛

3. ئوقۇغۇچىلارنى دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالدىكى ئاساسى چۈشەنچە ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئەمەلى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش. ھاسىلە، دىففېرېنسىيال، دەسلەپكى فونكتسىيە، ئېنىقسىز ئىنتېگرال، ئېنىق ئىنتېگرال — ماتېماتىكا ئانالىزىدا ئەڭ ئاساسى چۈشەنچىدۇر. ھاسىلە ۋە ئىنتېگرالنىڭ توت ئەمەل قائىدىلىرى، مۇرەككەپ فونكتسىيىنىڭ ھاسىلىسىنى تېپىش، ئۆزگۈرۈشچىلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىنتېگراللاش شۇنىڭدەك ئاساسى ئېلېمېنتار فونكتسىيەلەرنىڭ دىففېرېنسىيال جەدۋىلى ۋە ئاساسى ئىنتېگرال جەدۋىلى قاتارلىقلار بولسا ئەڭ ئاساسى ئەمەللەردۇر. ھاسىلىدىن پايدىلىنىپ فونكتسىيىنىڭ ئارتىش، كېمىيىشىنى مۇزاكىرە قىلىش، ئېكستىرېمۇم قىممەت تېپىش، ئېنىق ئىنتېگرالدىن پايدىلىنىپ، ھەركەت قىلىۋاتقان جىسىمنىڭ يولىنى، ئەگرى تەرەپلىك تىراپېتسىيىنىڭ يۈزىنى ھېساپلاش دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى قوللىنىشلىرى بولۇپ، بۇ مەزمۇنلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئوقۇتۇش لازىم.

ئېلېمېنتار ماتېماتىكا بىلەن ئالى ماتېماتىكىنىڭ ئاساسى پەرقى شۇ يەردىكى، بىرى تۇراقلىق مىقدار بىلەن، يەنە بىرى ئۆزگۈرۈشچى مىقدار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالدىكى ئاساسى چۈشەنچىلەرنى ئۆزگۈرۈشچى مىقدار قارىشىدىن تۇرۇپ چۈشۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ. دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالدىكى بەزى چۈشەنچىلەرنى ئېلېمېنتار ماتېماتىكا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپتە تۇراقلىق مىقدارلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئۆزگۈرۈشچى مىقدارلار ئارىسىدىكى مۇرەككەپ ماسلىق مۇناسىۋەتنى چۈشۈنۈشى نىسبەتەن قىيىنغا چۈشىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسى قىيىنچىلىق ئالدى بىلەن ئېنىقلىمىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، فورمۇلالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، مۇرەككەپ فونكتسىيىدىن ھاسىلە ئېلىشتا فونكتسىيىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش جەريانى، ئىنتېگرالدىكى ئۆزگۈرۈشچىلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىنتېگراللاشتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا ئېلېمېنتار ماتېماتىكا، بولۇپمۇ ئاساسى ئېلېمېنتار فونكتسىيەلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

بىلەن پىششىق تونۇش بولماسلىقى دىففېرېنسىيال ئىنتېگرال ئەمەلىنى بېجىرىشتە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللارنى كوزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئوقۇغۇچىلارغا دىففېرېنسىيال ئالاش- ئىنتېگراللاش ئۇسۇللىرىنى ئىگەللىتىش زورۇر. لېكىن مۇھىمى، ئوقۇغۇچىلارنى دىففېرېنسىيال-ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى ئىگەللەشكە يېتەكلەش كېرەك.

2. ئاساسى چۈشەنچىلەرنى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئوقۇغۇچىلار يالغۇز چۈشەنچىنىڭ ئۆزىنىلا بىلىپ قالماي بەلكى ئۇنىڭ قانداق ئەمەلى مەسىلىلەردىن ئابستىراكتلاشتۇرۇلغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنىمۇ بىلىشى كېرەك.

3. گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستىراكت چۈشەنچىلەرنى ئوبرازلىق چۈشۈنىشىگە ياردەم بېرىش، بۇ ئارقىلىق دىففېرېنسىيال ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى ئوقۇتۇشنى جانلىق كەيپىياتقا ئىگە قىلىشى لازىم.

4 - دىففېرېنسىيال ۋە ئىنتېگرال چۈشەنچىسىنى ئوقۇتۇش بىلەن ئوقۇغۇچىلار بۇرۇن ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئىلېمېنتار ماتېماتىكىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم.

ئوقۇتۇشتا، ئالدى بىلەن دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالنىڭ ئاساسى ئىدىيىسىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئاساسى ئىدىيە ئۆزگەرمەس بىلەن ئۆزگۈرۈچى، تۈز بىلەن ئەگرى، چەكلىك بىلەن چەكسىز، تەقرىبى بىلەن ئېنىق، قىسمەنلىك بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ئارىسىدىكى باغلىنىش ۋە زىددىيەتنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: جىسىمنىڭ تېزلىگى ناتەكشى بولغان ھەرىكىتىنى مۇلاھىزە قىلغاندا، ئالدى بىلەن ھەرىكەت جەريانى بىر قانچە چەكلىك قىسىملارغا بۆلىنىدۇ. ھەر بىر قىسىمدا ھەرىكەتنىڭ تېزلىگى تەكشى دەپ قارىلىپ، ئوتتۇرىچە تېزلىك ھېساپلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز پەقەت چەكلىك قېتىم ئالگېبرالىق ئەمەل بېجىرىش ئارقىلىق جىسىمنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالىنى تەخمىنى تەسۋىرلەيمىز. بىزنىڭ جىسىمنىڭ ھەرىكەت جەريانىنى بىر قانچە چەكلىك بولەكلەرگە ئايرىتىشىمىز كىچىكلىگەنسېرى (بولگەن چەكلىك ئارىلىق كىچىكلىگەنسېرى) ئوتتۇرىچە تېزلىك، يېتەرلىك ئېنىقلىقتا جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. لېكىن بىزنىڭ بولۈشىمىز (چەكلىك بولەكلەرگە ئايرىتىشىمىز) نىڭ سانى چەكلىكلا بولىدىكەن، بۇ يەردىكى تەسۋىرلەش يەنىلا تەقرىبى بولىدۇ. پەقەت چەكسىز جەرياندىلا يەنى $\Delta t\to 0$ دە ئاندىن ئوتتۇرىچە تېزلىكنىڭ لىمىتى، جىسىمنىڭ $t$ مومېنتتىكى تېزلىگىنىڭ ئېنىق قىممىتى بولالايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز تۇراقلىقتىن ئۆزگۈرۈچىگە ئۆتۈش جەريانىنى بېجىرىمىز. ئىنتېگرال چۈشەنچىسىدە بولسا، بۇ جەريان تېخىمۇ ئوبرازلىق بولۇپ، ئىنتېگرالدا پارچىلارغا بولۈش، تۈز ئارقىلىق ئەگرىنى تەقرىبى ئىپادىلەش، يىغىندا ھاسىلە قىلىش، ئاخىرىدا چەكسىز جەريانىنى بېجىرىش (لىمىت ئېلىش) ئارقىلىق قىسمەنلىكتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشىلىدۇ. تۆۋەندە بەزى مەزمۇنلارنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتىمەن:

**ھاسىلە:** دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالدىكى ئەڭ ئاساسى چۈشەنچە. بۇ چۈشەنچىنى ئوقۇتقاندا ھاسىلىنىڭ فىزىكىلىق ۋە گېئومېتىرىيىلىك ئارقا كورۇنۇشىنى ياخشى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاسىلە ئېنىقلىمىسىنى ئوقۇغۇچىلارغا پۇختا ئۆزلەشتۈرگۈزۈش لازىم. چۈنكى ھاسىلىگە دائىر ھەر بىر فورمۇلا ياكى قائىدە - قانۇنلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ھاسىلە ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن ئىسپات قىلىنىدۇ. ئەگەر $f^{1}(x)=\lim_{\Delta x\to 0}\frac{\Delta y}{\Delta x}$ نىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر

چۈشەنمىسە ھاسىلە فورمۇلا قائىدىلىرىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ فونكسىيە $y=|x|$ نىڭ $x=0$ نۇقتىدا ھاسىلىسى ماۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈشى قىيىنغا توختايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسى سەۋەپ، ئۇلارنىڭ ھاسىلە ئېنىقلىمىسىنى ياخشى ئىگەللىيەلمىگەنلىكىدە. ئۇلار فونكسىيە $y=f(x)$ نىڭ $x_0$ نۇقتىدا ھاسىلىگە ئىگە بولۇشىنىڭ بىرىنچىدىن $y=f(x)$، $x_0$ نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئېنىقلىنىشى؛ ئىككىنچىدىن سول لىمىت

$\lim_{\Delta x\to 0^-}\frac{\Delta y}{\Delta x}=\lim_{\Delta x\to 0^{+}}\frac{\Delta y}{\Delta x}$ ۋە ئوڭ لىمىت $\lim_{\Delta x\to 0}\frac{\Delta y}{\Delta x}$ لارنىڭ ماۋجۇت بولۇشى؛

ئۈچىنچىدىن $\lim_{\Delta x\to -0}\frac{\Delta y}{\Delta x}=\lim_{\Delta x\to 0^+}\frac{\Delta y}{\Delta x}$ دىن ئىبارەت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنمىگەن. ئەگەر ئوقۇغۇچى بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىسە، كېيىن، ئۇ، فونكسىيە $y=|3Sinx|$ نىڭ $x=0$ نۇقتىدىكى ھاسىلىسىنى تېپىش كېرەك دېگەن مىسالغا دۇچ كەلگەندە $y^1=|3cosx|_{x=0}=3$ دېگەن خاتالىقنى ئۆتكۈزمەيدۇ.

يەنە بىر مىسال: ئەگەر ئەگرى سىزىق $y=(x-1)^{\frac{1}{3}}+\frac{1}{2}$ نىڭ $x=1$ ئورۇندىكى ئۇرۇنما تەڭلىمىسىنى تېپىش تەلەپ قىلىنغاندا، ئەگرى سىزىق مەلۇم نۇقتىدا ھاسىلىگە ئىگە بولمىسا، ئۇ، نۇقتىدىكى ئۇرۇنمىنىڭ ماۋجۇت ياكى ماۋجۇت ئەمەسلىكى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ يەردە

$$\Delta y=(\Delta x)^{\frac{1}{3}}$$

$$\frac{\Delta y}{\Delta x}=\frac{\sqrt[3]{\Delta x}}{\Delta x}$$

$x\to 0$ دە، $\frac{\Delta y}{\Delta x}\to\infty$، يەنى $y=(x-1)^{\frac{1}{3}}+\frac{1}{2}$ نىڭ $x=1$ نۇقتىدا ھاسىلىسى ماۋجۇت ئەمەس، لېكىن بۇ نۇقتىدىكى ئۇرۇنما ماۋجۇت.

ئۇرۇنما تەڭلىمىسى $x=1$

بۇ يەردىكى ئۇرۇنما تەكشىلىك گېئومېتىرىيىسىدە تونۇق ئەگرى سىزىقنىڭ ئۇرۇنمىسىغا بېرىلگەن ئېنىقلىما دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خوردىنىڭ لىمىتى ئارقىلىق ئۇرۇنمىغا ئېنىقلىما بېرىشنىڭ زورۇرلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مۇرەككەپ فونكسىيىدىن ھاسىلە ئېلىش بۇ يەردىكى يەنە بىر قىيىن نۇقتا. بۇ مەزمۇننى ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئىگەللىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن فونكسىيىنىڭ مۇرەككەپلىشىش جەريانىنى توغرا تەھلىل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا بەش خىل ئاساسى ئېلېمېنتار فونكسىيىلەرنىڭ ھاسىلىلىرى توغرىسىدىمۇ پۇختا تونۇش بولۇشى كېرەك.

مۇرەككەپ فونكسىيىدىن ھاسىلە تېپىش پورمۇلىسىنى ئىشلەتكەندە، ئوقۇغۇچىلار دائىم ئارىلىقتىكى ئۆزگىرىشچىدىن ئەركىن ئۆزگىرىشچىگە نىسبەتەن ھاسىلە ئېلىشنى ئۇنتۇپ قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇرەككەپ فونكسىيىدىن ھاسىلە ئېلىشنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ مەشىق قىلدۇرۇش لازىم. ئالدى بىلەن ئارىلىقتىكى ئۆزگىرىشچىنى يېزىشنى تەلەپ قىلىش، شۇنىڭ-



AltunOq

دەك ئۇلۇك تۇۋەن تەرەپكە، قايسى ئۇزگۇرۇچىگە نىسبەتەن ھاسىلە ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشنى ئەـ
كىتلەش، كونكىرىت مىسالالار ئارقىلىق $u=\varphi(x)$، $g=f(u)$ بولغاندا $y_u^1$ بىلەن $y_x^1$ نىڭ
ئوخشىمايدىغانلىقىنى، دەسلەپتە پۇتكۇل جەريانىنى تەپسىلىرەك يېزىشنى تەكىتلەش كېرەك. مەسىلەن:

$$y=Sin^2\ (2x+\frac{\pi}{3})$$

$$y^1\ =2Sin(2x+\frac{\pi}{3})Sin^1\ (2x+\frac{\pi}{3})$$

$$=2Sin(2x+\frac{\pi}{3})\,cos\ (x+\frac{\pi}{3})\,(\,2x+\frac{\pi}{3}\,)^1$$

$$=2Sin(2x+\frac{\pi}{3})cos(2x+\frac{\pi}{3}).2$$

$$=2Sin(4x+\frac{\pi}{3});$$

ئوقۇغۇچىلار مۇرەككەپ فۇنكىتسىيىدىن ھاسىلە ئېلىش قائىدىسىنى پۇختىراق ئىگەللىۋالغانـ
دىن كېيىن ئارىلىقتىكى ھەدەملەرنى، تاشلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىش لازىم. ھاسىلە تېپىش جەريانىدا
تۇۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى، ئوقۇغۇچىلارغا تەكىتلەپ قويۇش پايدىلىق:

1. فۇنكىتسىيىنىڭ ھاسىلىسىنى تاپقاندا، ئالدى بىلەن فۇنكىتسىيىنىڭ تۈزۈلىشىنى ئايدىڭـ
لاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەسىلەن: $y=arc\,Sin\frac{mSin\,x-ncos\,x}{\sqrt{m^2+n^2}}$ بېرىلگەن.بۇنىڭدا $y^1$ نى تېپىش
لازىم. ئۇ $y=arc\ Sin\,u$ ۋە $u=\frac{mSin\,x-ncos\,x}{\sqrt{m^2+n^2}}$ ھۆرەككەپلەشتۇرۇلگەن فۇنكىتسىيە،
شۇڭا، ئالدى بىلەن مۇرەككەپ فۇنكىتسىيىدىن ھاسىلە تېپىش قائىدىسىنى قوللىنىش ئاندىن
$x$ گە نىسبەتەن ئايرىمىدىن ھاسىلە تېپىش قائىدىسىنى قوللىنىش كېرەك. يەنى:

$$y^1=\frac{1}{\sqrt{1-\frac{(msinx-ncosx)^2}{m^2+n^2}}}\cdot\frac{mcosx+nsinx}{\sqrt{m^2+n^2}}$$

$$=\frac{mcosx+nsinx}{\sqrt{m^2+n^2-m^2sin^2x-n^2cos^2x+2mnsinx.cosx}}$$

$$= \frac{m\cos x + n\sin x}{\sqrt{m^2(1-\sin^2 x)+n^2(1-\cos^2 x)+2mn\sin x\cdot\cos x}}$$

$$= \frac{m\cos x + n\sin x}{\sqrt{m^2\cos^2 x+n^2\sin^2 x+2mn\sin x\cos x}}$$

$$= \frac{m\cos x+n\sin x}{|m\cos x+n\sin x|} = \begin{cases} 1 & m\cos x+n\sin x>0 \text{ بولغاندا} \\ -1 & m\cos x+n\sin x<0 \text{ بولغاندا} \end{cases}$$

2). فونكتسىيىنى ئاددىلاشتۇرۇش مۇمكىن بولسا ئالدى بىلەن ئۇنى ئاددىلاشتۇرۇپ ئاندىن ھاسىلە تېپىش كېرەك. مەسىلەن:

$y=\sqrt{x\sqrt{x\sqrt{x}}}$ دە $y^1$ نى تېپىش كېرەك. $y = x^{\frac{1}{2}}\cdot x^{\frac{1}{4}}\cdot x^{\frac{1}{8}} = x^{\frac{7}{8}}$ بولغانلىقـ

تىن $y^1 = \frac{7}{8}x^{-\frac{1}{8}}$

3) بەزى فونكتسىيىلەرنىڭ ھاسىلە تاپقاندا لوگارىفملاپ ھاسىلە تېپىش قائىدىسىنى قوللىنىش ئەپلىكرەك. مەسىلەن: $y=\sqrt{\frac{(x-1)(x-2)}{(x-3)(x-4)}}$ بولۇپ، $y^1$ نى تېپىش كېرەك.

$\ln y = \frac{1}{2}[\ln(x-1)+\ln(x-2)-\ln(x-3)-\ln(x-4)]$ بولغانلىقتىن

$$\frac{1}{y}\, y^1 = \frac{1}{2}\left[\frac{1}{x-1}+\frac{1}{x-2}-\frac{1}{x-3}-\frac{1}{x-4}\right]$$

$$y^1 = \frac{1}{2}\sqrt{\frac{(x-1)(x-2)}{(x-3)(x-4)}}\left[\frac{1}{x-1}+\frac{1}{x-2}-\frac{1}{x-3}-\frac{1}{x-4}\right];$$

بۆلەكلەنگەن فونكتسىيىدىن ھاسىلە تاپقاندا ھاسىلىنىڭ ئېنىقلىمىسىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

مەسىلەن:

$$y = \begin{cases} x^2\sin\frac{1}{x} & x \neq 0 \\ 0 & x = 0 \end{cases}$$

بۇنىڭدا $y^1(0)$ نى تېپىش كېرەك.

$$\triangle y = (0+\triangle x)^2\sin\frac{1}{0+\triangle x} - 0$$

$$= (\triangle x)^2\sin\frac{1}{x\triangle};$$

$$\frac{\triangle y}{\triangle x}=\triangle x \cdot \mathrm{Sin}\frac{1}{\triangle x};$$

$$y^{1}(0)=\lim_{\triangle x\to 0}\triangle x \cdot \mathrm{Sin}\frac{1}{\triangle x}=0$$

**دىففېرېنسىيالنىڭ چۈشەنچىسى:** بۇ ـ دىففېرېنسىيال ئىنتېگرال ئىلمىدىكى مۇھىم چۈشەنچىدۇر. بۇنى ئوقۇتۇشتا فۇنكتسىيە $f(x)$ نىڭ دىففېرېنسىيالى $dy=f^{1}(x)\triangle x$ نىڭ ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىكى: ① $dy$ نىڭ ئەركىن ئۆزگەرگۈچى ئارتتۇرمىسى $\triangle x$ گە نىسبەتەن سىزىقلىق فۇنكتسىيە ئىكەنلىكى؛ ② $dy$ بىلەن فۇنكتسىيە ئارتتۇرمىسى $dy$ نىڭ ئايرىمىسىنىڭ $\triangle x$ گە نىسبەتەن يۇقۇرى تەرتىپلىك چەكسىز كىچىك مىقدار ئىكەنلىكىنى (يەنى $\triangle y-dy=0(\triangle x)$) نى ياخشى چۈشەندۈرۈش كېرەك. دېمەك بۇ يەردىكى مۇھىم ئىش. دىففېرېنسىيال $dy$ نىڭ، فۇنكتسىيە ئارتتۇرمىسى $\triangle y$ نىڭ " سىزىقلىق "، " ئاساسى " قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، " سىزىقلىق " دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئوقۇغۇچىلار خېلى ئوڭاي چۈشۈنىدۇ. بىراق " ئاساسى " دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئانچە ئوڭاي چۈشۈنۈپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلىقى $x$ بولغان كۋادراتنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلىقى $\triangle x$ ئارتتۇرغاندا، كۋادرات مەيدانىنىڭ ئۇنىڭغا ماس ئارتتۇرمىسى $\triangle y$ بىلەن دىففېرېنسىيالى $dy$ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەكىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ، $\triangle y\approx 2x.\triangle x$ نىڭ نىسپى خاتالىق پەرقىنى ھېساپلاپ، $\triangle x\to 0$ دە بۇ خاتالىق پەرقىنىڭمۇ نۆلگە ئىنتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش پايدىلىق.

**ھاسىلە ۋە دىففېرېنسىيالنىڭ قوللىنىلىشى:** بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار فۇنكتسىيىنىڭ ئۆسۈشى، كېمىيىشى، ئېكستىرېمۇم قىممەت، ئەڭ چوڭ، ئەڭ كىچىك قىممەت ئەگرى سىزىقنىڭ كوپۇنكى پېتىنقلىقى، پۇكۇلۇش نۇقتىسى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭدا فۇنكتسىيىنىڭ ئۆسۈش، كېمىيىشىنى مۇلاھىزە قىلىش ئاساسى ھالقا. بۇ مەزمۇننى ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا فۇنكتسىيىنىڭ ئۆسۈش، كېمىيىشىنى تېپىشنىڭ تۆۋەندىكى ئومۇمى قەدەم باسقۇچلىرىنى ياخشى خۇلاسىلاپ بېرىش كېرەك: ① ئۇزۇلۇش نۇقتىلىرىنى تېپىش؛ ② ھاسىلىگە ئىگە بولمايدىغان نۇقتىلارنى تېپىش؛ ③ يۇقۇرىدىكى ھەر قايسى نۇقتىلارنى چوڭ كىچىكلىك تەرتىۋى بويىچە تىزىپ، فۇنكتسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسىنى بىر نەچچە ئارىلىقلارغا بولۇش؛ ④ ھەر قايسى ئارىلىقلاردا ھاسىلىنىڭ ئالامىتىنى بەلگىلەش؛ ⑤ فۇنكتسىيىنىڭ ئۆسۈش، كېمىيىش ئارىلىقلىرىغا ئېرىشىش.

**ئېكستىرېمۇم قىممەت:** تېپىشقا دائىر مەزمۇنلارنى ئوقۇتۇشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم: ① ئوقۇغۇچىلار فۇنكتسىيىنىڭ ئۆسۈش، كېمىيىش خۇسۇسىيىتىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئېكستىرېمۇم قىممەت ھەققىدە توختۇلۇش لازىم. ② ئېكستىرېمۇم نۇقتا فۇنكتسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسىنىڭ ئىچكى نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ③ ئېكستىرېمۇم قىممەت فۇنكتسىيىنىڭ قىسمى خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش كېرەك. ④ ئوقۇغۇچىلارنى فېرمات تېئورېمىسىنى چوڭقۇر ئىگىلىۋېلىشقا يېتەكلەپ، بۇنىڭدا بىرىنچىدىن $f^{1}(x)=0$ نىڭ فۇنكتسىيىنىڭ ئېكستىرېمۇم قىممەتكە ئېرىشىشىدىكى زۆرۈر شەرت لېكىن يې-

تەرلىك شەرت ئەمەسلىگىنى، ئىككىنچىدىن، تەئۇرىمىنىڭ پەقەت ھاسىلىگە ئىگە نۇقتىدا ئۇستىدىلا توختۇلىۋاتقانلىغىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ⑤ فونكتسىيىنىڭ توختاش نۇقتىلىرى، ھاسىلىگە ئىگە بولمايدىغان نۇقتىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ نۇقتىلار ئارىلىق فونكتسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش سا-ھەسىنى بىر نەچچە قىسىمغا بولۇپ، ھەر بىر قىسىمدىكى ھاسىلىنىڭ ئالامىتىنى بەلگىلەپ، بۇ ئار-قىلىق ئىكستىرىمۇم نۇقتىلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش لازىم. بۇلارنى بىر جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادى-لەپ چۈشەندۈرۈشتە بىزگە كوپ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

**ئېنىقسىز ئىنتىگرال:** ئېنىقسىز ئىنتىگرال بابىدا چۈشەنچىلەر ئانچە كوپ ئەمەس. ئاساسەن دەسلەپكى فونكتسىيە ۋە ئېنىقسىز ئىنتىگرالدىن ئىبارەت ئىككى چۈشەنچە بار. ئوقۇغۇ-چىلار بەزىدە بۇ ئىككى چۈشەنچىنى بىر - بىرىدىن پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. ئۇلارغا $f(x)$ نىڭ دەسلەپكى فونكتسىيىسى بىلەن $f(x)$ نىڭ ئېنىقسىز ئىنتىگرالى ئوتتۇرىسىدا " يەككىلىك " بىلەن " ئومۇملىق " مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىغىنى تەكىتلەش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن $\int f(x)dx$ نىڭ فونكتسىيە $f(x)$ نىڭ بارلىق دەسلەپكى فونكتسىيىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە ئىكەنلى-كىنى، شۇڭا $\int f(x)dx = F(x)+c$ دىكى ئىختىيارى تۇراقلىق سان $c$ نى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار كوپۈنچە بۇ مەسىلىگە سەل قارايدۇ.

ئەمدى ئىنتىگراللاش بولسا يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، ئېنىقسىز ئىنتىگرال تېپىش ھاسىلە تېپىشنىڭ قارىمۇ - قارشى ئەمىلىدۇر. ھالبۇكى ھاسىلە تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس. پەقەت مىخا-نىك ھالدا ھاسىلە تېپىشنىڭ توت ئەمەل قائىدىسى ۋە مۇرەككەپ فونكتسىيىدىن ھاسىلە تېپىش قائىدىلىرىنى تەكرار قوللانساقلا بولىدۇ. لېكىن ئېنىقسىز ئىنتىگرال تېپىش ئۈنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. بۇنىڭدا ھېساپلاشتا ماھىرلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. دەرسلىكتە پەقەت ئەڭ ئاساسى ئىنتىگ-راللاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان يەنى بىۋاستە ئىنتىگراللاش، بولەكلەپ ئىنتىگراللاش ۋە ئۆزگۈرۈچىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىنتىگراللاش قىيىن ۋە مۇھىم نۇقتا ھېساپلىنىدۇ. ئۆزگۈرۈچىلەر-نى ئالماشتۇرۇپ ئىنتىگراللاش ئەمەلىيەتتە مۇرەككەپ فونكتسىيىدىن ھاسىلە تېپىش ئۇسۇلىنىڭ ئىنتىگرالدىكى بىر خىل قوللىنىلىشى بولۇپ، ئاساسى ئېلېمېنتار فونكتسىيىلەرنىڭ ھاسىلە پورمۇ-لىلىرى بىلەن مۇرەككەپ فونكتسىيىدىن ھاسىلە تېپىش پورمۇلىسىنى پىششىق بىلىش، ئۆزگۈرۈچىلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىنتىگراللاش ئۇسۇلىنى ئىگەللەشنىڭ ئاساسىدۇر. بىرىنچى تىپتىكى ئۆزگۈرۈچىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى سوزلىگەندە مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئالماشتۇرۇش فونكتسى-يىسى $x = \varphi(u)$ نى قانداق تاللاشنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى تىپتىكى ئۆزگۈرۈچىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى سوزلىگەندە، ئەگەر ئۆزگۈرۈچىلەرنى ئالماشتۇرۇش فونكتسىيىسى $x = \varphi(u)$ نىڭ تەتۈر فونكتسىيىسى كوپ قىممەتلىك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ مۇۋاپىق بىر، بىر قىممەت-لىك تارمىغى $u = \varphi^{-1}(x)$ نى تاللىۋېلىپ، $u$ غا نىسبەتەن چىقىرىلغان نەتىجىگە ئەسلىدىكى ئۆزگۈرۈچى مىقدارنى ئورنىغا قويۇش لازىملىغىنى تەكىتلەش كېرەك. مەسىلەن $\int \frac{dx}{\sqrt{x}+1}$ دا $\sqrt{x} = u$ دەپ ئېلىنسا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر $u = -\sqrt{x}$ دەپ ئېلىنسىمۇ ئوخشاش نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ نۇقتىنى كورسىتىپ قويۇش ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزى ئەندىشىلىرىنى تۈگۈتىدۇ.

بىرىنچى تىپتىكى ۋە ئىككىنچى تىپتىكى ئۆزگۈرۈچىلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىنتىگراللاشنىڭ



AltunOq

ئاساسى ئىدىيىسى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بەزىدە بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىر - بىرىدىن پەرق ئېتىشلىش ناھايىتى قىيىن. مەسىلەن: ئىنتېگرال $\int 2x\sqrt{1-x^2}\,dx$ دا $u=x^2$ دەپ ئېلىپ، بىرىنچى خىل ئۆزگىرىشچىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك $\left(-\frac{\pi}{2}\ u\leqslant\frac{\pi}{2}\right)$ دا $x=Sinu$ دەپ ئېلىپ ئىككىنچى تىپتىكى ئۆزگىرىشچىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە بۇلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئاددىي دېگەن پەرقى بار. بىراق ئوقۇغۇچىلارغا شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، بىرىنچى تىپتىكى ئۆزگىرىشچىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا پەرەز قىلىنغان $u=\varphi(x)$ نىڭ تەتۈر فونكسىيىسىنىڭ بىر قىممەتلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەمما ئىككىنچى تىپتىكى ئۆزگىرىشچىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا پەرەز قىلىنغان $x=\varphi(u)$ تەتۈر فونكسىيىسى چوقۇم بىر قىممەتلىك فونكسىيە بولۇشى كېرەك.

**ئېنىق ئىنتېگرال ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى:** ئېنىق ئىنتېگرال چۈشەنچىسى دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالنىڭ ئاساسى ئىدىيىسىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭدىكى نيۇتون - لېبنىس پورمۇلىسى بولسا دىففېرېنسىيال بىلەن ئىنتېگرالدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسى چۈشەنچىنى باغلاپ تۇرىدۇ.

بۇ باسقۇچتىكى ئوقۇتۇشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم.

(1) بىز لىمىت ئۈستىدە توختالغان چېغىمىزدا چەمبەرنىڭ مەيدانىنى چەمبەرگە ئىچىدىن تىگىشىدىغان مۇنتىزىم كوپ تەرەپلىك مەيدانىنىڭ لىمىتى دەپ قارىغان ئىدۇق. شۇڭا " پارچىلاش. يىغىندا تېپىش، لىمىت ئېلىش " دىن ئىبارەت ئۇسۇل بىلەن ئەگرى تەرەپلىك تىراپىسىيىنىڭ مەيدانىنى تېپىشنى ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە مۇھىمى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىغىمىزنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق ماتېماتىكىلىق تىل بىلەن رۇشەن بايان قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئەگرى تەرەپلىك تىراپىتسىيىنىڭ مەيدانى مەسىلىسىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ ئەگرى تەرىپىنى ئىپادە قىلغۇچى فونكسىيە $y=f(x)$ ئۈزلۈكسىز، شۇڭا ئۈزلۈكسىزلىك ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن كىچىك ئارىلىقنىڭ ئۇزۇنلىغى $|\triangle x_i|$ يېتەرلىك كىچىك بولغاندا ئۇنىڭغا ماس $|\triangle y_i|=|f(x_i+1)-f(x_i)|$ ئۇ ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. شۇڭا $[x_i, x_i-1]$ دا فونكسىيە $f(x)$ نى تەقرىبى ھالدا ئۆزگەرمەيدۇ، يەنى تۇراقلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. گېئومېتىرىك نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تىكتۆتبۇلۇڭ ئەگرى تەرەپلىك تىراپىتسىيىگە ۋەكىل قىلىنىدۇ. يەنى تۈز ئەگرىگە ۋەكىل قىلىنىدۇ. چەكلىك دانە تىكتۆتبۇلۇڭلارنىڭ مەيدانلىرىنىڭ يىغىندىسىنى ئېلىمېنتار ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ھېسابلاش مۇمكىن. پارچىلاش قانچە ئىنچىكە بولغانسىرى تىكتۆتبۇلۇڭلار مەيدانلىرىنىڭ يىغىندىسى شۇنچە ئەگرى تەرەپلىك تىراپىتسىيە مەيدانىغا يېقىنلىشىدۇ. لېكىن پارچىلاشنىڭ سانى چەكلىك بولىدىكەن، تەقرىبىلىك بىلەن ئېنىقلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مەڭگۈ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئالى ماتېماتىكىنىڭ لىمىتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق قۇرالىنى قوللانغاندىلا ئاندىن تۇراقلىق بىلەن ئۆزگىرىشچى، تۈز بىلەن ئەگرى، تەقرىبى بىلەن ئېنىقلىقنىڭ ئالمىشىشىغا شەرت ھازىرلىنىپ ئەگرى تەرەپلىك تىراپىتسىيىنىڭ ھەقىقى مەيدانىغا ئېرىشەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا $g_{it}(x_i, x_i+1)$ نۇقتىنىڭ نېمە ئۈ-

چۈن ئىختىيارى تاللىنىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈش لازىم،

(2) بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىزدە ئاساسەن ئۈزلۈكسىز فۇنكسىيىلەرگە نىسبەتەن ئېنىق ئىنتېگرال چۈشەنچىسى تۇرغۇزۇلغان. يېپىق ئارىلىق $[a.b]$ دا ئۈزلۈكسىز فۇنكسىيە ئىنتېگراللانغۇچى، يەنى

$$\lim_{\max|\triangle x|\to 0}\sum_{i=0}^{n} f(g_i)\triangle x_i$$

ماۋجۇت، شۇنىڭدەك ئۇ بولۇش ئۇسۇلى ۋە $g_i$ نۇقتىنىڭ تاللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئېنىقلىمىدىن پايدىلىنىپ ئېنىق ئىنتېگرال ھېساپلاشقا توغرا كەلگەندە فۇنكسىيە ئىنتېگراللانغۇچى بولسىلا بولۇش ئۇسۇلىنى ۋە $gi$ نۇقتىنى خالىغانچە تاللاشقا بولغانلىقتىن بۇلارنى تاللاشتا ئىنتېگرال يىغىندىسى $\sum_{i=0}^{n} f(g_i)\triangle x_i$ نى ھېساپلاشنىڭ ئوڭاي بولۇشىنى كۆزدە تۇتىمىز.

(3) ئېنىق ئىنتېگرالنىڭ ئېنىقلىمىسىنى سۆزلىگەندە قوشۇمچە قىلىپ $a > b$ بولغاندا

$\int_a^b f(x)dx = -\int_b^a f(x)dx$ بولىدىغانلىقىنى، $a=b$ بولغاندا $\int_a^b f(x)dx = 0$

بولىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنتېگرالنىڭ يۆنىلىش مەسىلىسى. بۇنى ئوقۇغۇچىلار ئوڭاي چۈشىنىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزگۈرۈچىلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئېنىق ئىنتېگرال ھېساپلاشتا جانلىقلىققا ئىگە قىلىدۇ.

(4) دىففېرېنسىيال ئىنتېگرالنىڭ ئاساسى فورمۇلىسى يەنى نيۇتون لېيبنىس فورمۇلىسى پۈتكۈل دىففېرېنسىيال ئىنتېگرال ئىلمىدىكى ئاساسى فورمۇلىدۇر. ئۇ نەزەرى ۋە ئەمەلى ھېساپلاشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى چۈشەندۈرۈش كېرەك. نيۇتون لېيبنىس فورمۇلىسى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئېنىقسىز ئىنتېگرال بىلەن ئېنىق ئىنتېگرال ئۆز ئارا قىلچە مۇناسىۋىتى يوق چۈشەنچىلەر ئىدى. پەقەت نيۇتون ـ لېيبنىس فورمۇلىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا بۇ ئىككى چۈشەنچە يەنى دىففېرېنسىيال بىلەن ئىنتېگرال بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلاندى. بۇ ئىككى چۈشەنچىنىڭ نامىنىڭ ۋە بەلگۈسىنىڭ ئوخشۇشۇپ كېتىشى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

نيۇتون ـ لېيبنىس فورمۇلىسى ئېنىق ئىنتېگرالنى ھېساپلاش مەسىلىسىنى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى نۇرغۇنلىغان ئەمەلى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالىغا ئايلاندۇردى. ئۇ فورمۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېنىق ئىنتېگرال ھېساپلاشتا پەقەت ئېنىقسىز ئىنتېگرال تېپىلسىلا مەسىلە ئاساسى جەھەتتىن ھەل بولىدۇ. بۇ يەردە پەقەت بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىنسىلا بولىدۇ.

① ئۇزگۇرۇچىلەرنى ئالماشتۇرۇشتىن پايدىلىنىپ ئېنىق ئىنتىگرال تېپىشتا ئىككى خىل شەكىل بار: بىرسى ئالدى بىلەن ئېنىقسىز ئىنتىگرالنىڭ ئۇزگۇرۇچىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن دەسلەپقى فونكتسىيىنى تېپىۋېلىپ ئاندىن نيوتۇن - لېبنىس پورمۇلىسىنى قوللىنىش، يەنە بىرسى ئىنتىگراللانغۇچى ئىپادىنى ئالماشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىپ هالدا ئىنتىگرالنىڭ يۇقۇرى ۋە تۆۋەن چەكلىرىنى-ئۆزگەرتىش.

ئېنىق ئىنتىگرال بىلەن ئېنىقسىز ئىنتىگرالنىڭ ئۇزگۇرۇچىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئازراق پەرق بار. ئېنىقسىز ئىنتىگرالنىڭ ئىككىنچى تىپتىكى ئۇزگۇرۇچىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا، پەرەز قىلىنغان $x = \varphi(t)$ نىڭ تەتۈر فونكتسىيىسى كوپ قىممەتلىك بولۇپ قالسا، تۇنىڭ بىر قىممەتلىك تارمىغىنى تاللىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. هالبۇكى ئېنىق ئىنتىگرالنىڭ ئىككىنچى تىپتىكى ئۇزگۇرۇچىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا $x = \varphi(u)$ نىڭ دەسلەپقى فونكتسىيىسىنىڭ بىر قىممەتلىك تارمىغىنى تاللىۋېلىش مەسىلىسىنى ئويلىشىشنىڭ هاجىتى يوق. مەسىلەن:

$$\int_{-1}^{1}\sqrt{1-x^2}\,dx$$ دا

$x=\sin t$ دەپ ئالغاندا $-\frac{\pi}{2}\leqslant t\leqslant\frac{\pi}{2}$ -نى ئالماي $-\frac{\pi}{2}\leqslant t\leqslant\frac{5\pi}{2}$ -نى

ئالساقمۇ بولۇۋېرىدۇ.

$$\int_{-1}^{1}\sqrt{1-x^2}\,dx\int_{-\frac{\pi}{2}}^{\frac{5\pi}{2}}\sqrt{1-\sin^2 t}\cos t\,dt$$

$$=\int_{-\frac{\pi}{2}}^{\frac{5\pi}{2}}|\cos t|\cos x\,de=\int_{-\frac{\pi}{2}}^{\frac{\pi}{2}}\cos^2 t\,dt+\int_{\frac{\pi}{2}}^{\frac{3\pi}{2}}(-\cos^2 t)\,de+$$

$$+\int_{\frac{3\pi}{2}}^{\frac{5\pi}{2}}\cos^2 e\,de=\int_{-\frac{\pi}{2}}^{\frac{\pi}{2}}\cos^2 t\,dt$$

**ئېنىق ئىنتىگرالنىڭ قوللىنىلىشى** : چۈشەنچە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوقۇغۇچىلارغا تۆۋەندىكى نۇقتىغا ئالاهىدە دىققەت قىلىشنى تەكىتلەپ قويۇش زورۇر: ئايلىنىشتىن هاسىل بولغان جىسىم ئايلىنىش ئوقىغا تىك تەكشىلىكلەر تەرىپىدىن پارچىلانغاندىن كېيىن، هەجىم تاپقان چاغدا، كىچىك نېپىز پىلاستىنكىنىڭ هەجمىنى كىچىك مۇنتىزىم سىلىندىر هەجمى بىلەن ياكى كىچىك كېسىك كونۇس هەجمى بىلەن تەقرىبى ئىپادە قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن يان سىرت مەيدانىنى هېسابلىغاندا بولسا، كىچىك سىلىندىرنىڭ يان سىرت مەيدانى بىلەن كىچىك نېپىز پىلاستىنكىنىڭ يان سىرت مەيدانىنى تەقرىبى ئىپادە قىلغىلى بولمايدۇ.

# ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ※

تۇرغۇن ئالماس

## ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى

(375—469)

### 1- بالامىردىن ئاتتىلاغىچە

### بالامىر

(374—400)

غەربىي ھونلار دۆلىتى(شىمالىي ھونلار دۆلىتى) مىلادىنىڭ 216-يىلى تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى. شۇندىن باشلاپ غەربىي ھونلار ھازىرقى قازاقىستاندىن تارتىپ ۋولگا بويلىرىغىچە سوزۇلغان چەكسىز تېررىتورىيىدە (ئورمانلىق، يايلاق، دالىدا) ياشاپ، بىر نەچچە ئەسىر دەرمان يىغدى. ھونلار ئاۋۇدى، تارىختا «قىپچاق دالىسى» دەپ ئاتالغان شۇ دالىدا، يىراقتىن قارىغاندا گويا ياپيېشىل ئوتلاقلار ئىچىدە مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن غازنىڭ ئاپپاق تۇخۇمىدەك كۆرۈنگەن ئوتاۋ (ئاق ئۆيلەر)لار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ھونلار مىلادىنىڭ 550- يىللىرىغا كەلگەندە دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك قوزغۇلۇپ، ياۋروپاغا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار مىلادىنىڭ 65—355- يىللىرى ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزى ئەتراپلىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇ چاغدا ھونلار ئىچىدىن بالامىر ئاتلىق بىر خان چىقتى. ئۇ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئون بەشىنچى، قۇتئۇش تەڭرىقۇتنىڭ توققۇزىنچى ئەۋلادى ئىدى.

※ بېشى ئۆتكەن سانلاردا



AltunOq

باتۇرلۇقتا، قەيسەرلىكتە ئۇز ئەجداتلىرىدىن قېلىشمايدىغان ئىمپىراتور بالامىر مىلادىنىڭ 374- يىلى ئىدىل (ۋولگا)، ئورال بويلىرىغا يېتىپ كەلدى. شۇ يىلى بالامىر ئالانلار دۆلىتىنى يوقاتتى. ئارقىدىنلا شەرقى گوتلار (شەرقى گېرمانلار) دۆلىتىنى يوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ خانى ئېرما ناريخنى ئۆلتۈردى. بۇ جىددى خەۋپتىن چۆچۈگەن غەربى گوتلارنىڭ خانى ئاتا ناريخ غەربى گوتلارنى باشلاپ دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بارغانچە غەربكە چېكىنىپ ئىسپانىيىگىچە كەتتى. بالامىر مىلادىنىڭ 378- يىلى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تىراكىيىگىچە يېتىپ كەلدى. شۇ مەزگىلدە بالامىر باسىق ۋە قورسىق ئاتلىق ھون سەركەردىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرا شەرققە ماڭدۇردى. ئۇلار دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كاۋكاز ئارقىلىق ئاناتولىغا، ئىرزۇرۇمدىن مالاشىياغا يۈرۈش قىلىپ، قۇددۇس (ئىرو سالىم) غىچە باردى. ھونلار پەلەستىندىن يېنىپ، ئوتتۇرا ئانادۇل، شەرقى ئانادۇل، شىمالى ئەزەربەيجان ئارقىلىق كاۋكاز تاغلىرىدىن ئېشىپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەلدى. بۇ سەپەر 398- يىلى ئاياقلاشتى. دەل شۇ چاغلاردا، روما ئىمپىرىيىسى غەرپ ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ياۋروپادا مۇنداق جىددى ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇشى ھونلا ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق شارائىت ياراتتى.

## يولدۇز

(400—410)

مىلادىنىڭ 400- يىلى ئىمپىراتور بالامىر ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى يولدۇز ئىمپىراتور بولدى. يولدۇز، ياۋروپادىكى ۋاندانلار، بورگوندلار، ساكسونلار، ئالمانلارنى بويسۇندۇردى. ئۇ مىلادىنىڭ 406- يىلى غەربى روما ئىمپىرىيىسىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىتالىيىگە بېسىپ كىردى. ئاۋغوست ئېيىدا پاۋىيا مەيدانىدا ھونلار بىلەن رومالىقلار ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا ھونلار غەلىبە قىلدى. روما قوشۇنلىرى قوماندانى راداگايىس ئۆلتۈرۈلدى. يولدۇز شۇ غەلىبىدىن كېيىن رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ياۋروپاغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ مىلادىنىڭ 409-405- يىللىرى ئارىلىقىدىكى مەزگىللەردە، دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، شەرقى روما ئىمپىرىيىسىنىڭ نۇرغۇن ئۆلكىلىرىنى بېسىپ ئالدى. يولدۇز ئىمپىراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىل (410—400) لەردە، قازاقىستاندىن تارتىپ، رېيىن دەرياسىغىچە سوزۇلغان بىپايان تېررىتورىيىنى بويسۇندۇرۇپ، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ بۇۋىسى ئوغۇزخان (باتۇر تەڭرىقۇت) قۇرغان ئىمپىرىيىگە تەڭ كېلىدىغان ئۇلۇغ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

# قارا تون

(410–415)

مىلادىنىڭ 410- يىلى يۇلدۇز ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى قارا تون ئىمپېراتور بولدى. قارا توننىڭ بونجوك (مۇنچۇك)، ئوكتار، روگا (رويا)، ئايبارس ئاتلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللاردىن ئايبارس ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئوكتار شەرقىي قىسمىغا ئىلىكخان قىلىپ تەيىنلەندى. قارا تون ئىمپېراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە، (415 – 410) هونلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ ئوغۇللارنىڭ ياۋروپا هون ئىمپېراتورلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىرىغا مەنسۇپلىقىنى ئەڭ ئۇلۇق تارىخچىلار بىردەك ماقۇللىغان.

# 2- ئاتتىلا

(434 – 453)

### ئاتتىلانىڭ ئىمپېراتور بولۇشى




«ياۋرۇپا هون ئىمپېرىيىسى»

مىلادىنىڭ 415 – يىلى قاراتون ئالەمدىن ئۆتتى. مىلادىنىڭ 434 – يىلى ئاتتىلا ئىمپېراتور بولدى. 415- يىلدىن 434 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قاراتوننىڭ بونچوك (422-415)، رويا (434 – 422) ئاتلىق ئوغۇللىرى ئىمپېراتور بولدى. بونچوكنىڭ بىلىدا، ئاتتىلا ئاتلىق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىلىدا مىلادىنىڭ 395 – يىلى تۇغۇلغان. ئاتتىلا مىلادىنىڭ 400 – يىلى تۇغۇلغان

ئىدى، بۇنچۇك مىلادىنىڭ 422 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ھونلارغا ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىمپېراتور بولغان. رويا ئىمپېراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىل (422 ـ 434)دە بىلىدا ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئاتتىلا شەرقىي قىسمىغا ئىلىكخانلار نامى بىلەن ھوكۈمرانلىق قىلىشاتتى. ئاتتىلا ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئىلىكخان بولسىمۇ ئۇ تاغىسى رويانىڭ قېشىدا تۇراتتى. رويا ئاتتىلانىڭ ھەربىي تالانتىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بىر قوماندان بولۇپ چىقىشىغا كوزى يەتكەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 434 ـ يىلى رويا ئالەمدىن ئۆتتى. قائىدە بويىچە بىلىدا ئىمپېراتورلۇق تەختىگە ۋارىس بولسىمۇ، ھەر جەھەتتە ئاكىسىدىن ئۈستۈن تالانتقا ئىگە بولغان ئاتتىلا ئىمپېراتور بولدى. قانداقتۇ سەۋەپ بىلەن بىلىدا مىلادىنىڭ 445 ـ يىلى 50 يېشىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىگە ئاتتىلا ئىمپېراتور بولغاندىن باشلاپ، ھونلار ناھايىتى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاتتىلا مىلادىنىڭ 447 ـ يىلى روما ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم باشلاپ، ئۇنىڭ پايتەختى كونىستانتىن پولىغا (ھازىرقى ئىستامبۇل) قىستاپ كەلدى. رومالىقلار ئىستامبۇلنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاتتىلاغا ھەر يىلى 2100 لىر ئالتۇن ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بىرنىشتامىنىڭ ئەيتىشىچە، ھونلارغا غەربىي روما ئىمپېرىيىسىمۇ ھەر يىلى 700 پونت ئالتۇن ياساق تۆلەپ تۇرغان. ھەر يىلى تۆلەيدىغان مۇنداق ياساقلار جەھەتتىن ئىرانمۇ سىرتتا قالمىغان.

## كاتالىيون ئۇرۇشى

ئاتتىلا مىلادىنىڭ 450 ـ يىلىغىچە، غەربىي روما ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بالقاندىكى روما شەھەرلىرىدىن 70 نى بېسىپ ئالغان. ئاتتىلا غەربىي ۋە شەرقىي روما ئىمپېرىيىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەۋۋەل غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنى تولۇق تارمار قىلىپ، پۈتكۈل ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئاتتىلا شۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 451 ـ يىلى 500 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ناھايىتى زور قوشۇننى باشلاپ، رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ، فرانسىيىگە بېسىپ كىردى. مېتزى، رېمس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى. ھونلار ئورلىئان شەھىرىگە قىستاپ كېلىپ، ئىسپانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ باردى. بۇ چاغدا غەربىي روما ئىمپېراتورى ۋالىنتىنىئۇنۇس III ـ غەربىي گۇتلار، فرانسۇزلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، نۇرغۇن قوشۇن توپلىغان ئىدى. تارىخچىلار ئەيتقاندەك: «ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ رومالىق» دەپ نام ئالغان ئاتىيئۇنۇس (غەربىي روما سەركەردىسى) باشچىلىقىدىكى غەربىي روما قوشۇنلىرى (ئىتتىپاقچىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئاتتىلاغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. ئاتتىلا ئىسپانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن چېكىنىپ، فرانسىيىدىكى سېنىيا دەرياسىنىڭ ئىككى غولى ئارىسىدىكى كاتالىيون دالىسىدا توختىدى. ئاتىيئۇنۇس باشچىلىقىدىكى 600 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق غەربىي روما قوشۇنلىرى ئاتتىلانىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كاتالىيون دالىسىغا يېتىپ كەلدى. قەدىمقى چاغدا يۈز بەرگەن مىللىي ئۇرۇشلار ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىك دەپ نام ئالغان «كاتالىيون ئۇرۇشى» مىلادىنىڭ 451 ـ يىلى 24 ـ ئاپرېلدا باشلاندى. قەدىمقى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە: ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق دەھشەتلىك بولغانكى، سېنىيا دەرياسىنىڭ سۈيى قىپ ـ قىزىل قان بولۇپ ئاققان. كاتالىيون دالىسىنى ئادەم، ئات ئۆلۈكلىرى، ئوتمۇ ـ توشۇك بولۇپ كارـ

دىن چىققان قالقانلار، سۇنغان نەيزىلەر، قىلىچلار قاپلاپ كېتىپ، تىرىكلەر مېڭىشقا زادى مۇمكىن بولمى-
غان. چۈنكى ئۆز مۇستەقىللىقىنى باھاسىز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەن ياۋروپالىقلار ھېچنېمىگە قارى-
ماي جان تىكىپ ئۇرۇشقان بولسا، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن دۇنيانى تىترىتىپ، تولا چاغلاردا
غالىب بولۇپ ياشىغانلىقى بىلەن ياۋروپانى ۋەھىمىگە سالغان ھونلارمۇ ئادەتتىن تاشقىرى باتۇر-
لۇق بىلەن ئۇرۇشقان. بۇ ئۇرۇشتا، 165 مىڭ كىشى ئۆلگەن. غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاسى تېئودو-
رىكمۇ ئۆلگەن.

ئۆز ئۆمرىدە مۇنداق قانلىق ئۇرۇشنى كۆرمىگەن ئاتتىلا ھون قوشۇنلىرىنى كاتالىيون دالىسى-
دىن چېكىندۈرۈپ، رېين دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئاتىيئۇنۇس باشچىلىقىدىكى
غەربىي روما قوشۇنلىرى ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ قانسىراپ كەتكەنلىكتىن ھونلارنى قوغ-
لاشقا ماغدىرى يەتمىگەن.

## غەربىي رومانىڭ قارام ھالغا چۈشۈرۈلۈشى

ئاتتىلا مىلادىنىڭ 451 - يىلى شىمالىي ئىتالىيىگە ھۇجۇم باشلاپ نۇرغۇن شەھەرلەرنى خاراب
قىلدى. غەربىي رومانىڭ پايتەختى رىمغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مىلان، پادىيە قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەر-
نى بېسىپ ئالدى. غەربىي روما ئىمپېراتورى ۋالېنتىنىئۇس III پاپا لېئو I نى ئاتتىلانىڭ ئالدىغا
ئەۋەتىپ سۈلھى قىلىشنى ئۆتۈندى. پاپا لېئو I ئاتتىلاغا يالۋۇرۇپ، رىمنى ۋەيران قىلماسلىقنى ئۆ-
تۈنۈپ، قانداق تەلەپلەر بولسا غەربىي روما ئىمپېراتورىنىڭ شەرتسىز كۆنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ھونلار بىلەن غەربىي روما ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلدى. سۈلھىگە بىنائەن ۋالېنتىنىئۇس III نىڭ ھونورى-
ئان ئاتلىق قىزى ئاتتىلاغا ياتلىق قىلىنىدىغان، ھەر يىلى ھونلارغا تۆلىنىدىغان ئالتۇننىڭ مىق-
دارى مەلۇم چەكتە بۇرۇنقىدىن كۆپەيتىلىدىغان بولدى. بۇ سۈلھىدىن كېيىن غەربىي روما ھونلارغا
پۈتۈنلەي قارام بولۇپ قالدى.

## ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمى ۋە ھونلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى

ھونلار ۋەھىمىسىدىن ياپراقتەك تىترىگەن ياۋروپادىكى پادىشالار، ئاتتىلاغا ئىلاجىسىزلىق-
تىن خۇشامەت قىلىشىپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن قىممەت باھالىق نەرسىلەر بىلەن سوغا - سالام يوللىغان.
بەزى پادىشالار ئاتتىلاغا ئۆز قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشقىچە بېرىپ يەتكەن. ئاتتىلا مىلادىنىڭ 453-
يىلى گېرمان پادىشاسىنىڭ ئىلدىكو ئاتلىق قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئىلدىيكو توي كېچىسى ئاتتىلاغا
ئالتۇن قەدەھتە زەھەر سېلىنغان شاراپنى ئىچكۈزۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

ھونلار بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان ئالتۇن
ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئاتتىلانى ياتقۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئالتۇن ساندۇقنى كۈمۈش ساندۇققا، كۈ-
مۈش ساندۇقنى پولات ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقلارنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم بىكىتكەن. ھونلا بۇ
ئىشنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، دوناي دەرياسىنىڭ سۈيىنى توساپ باشقا تەرەپكە ئاقتۇ-

روپ، دەريانىڭ ئەسلى ئېگىنى چوڭقۇر كولاپ، ئاتتىلانىڭ جەسەدى سېلىنغان ئۈچقات ساندۇقنى شۇ يەرگە كۆمۈپ، دەريانىڭ سۈيىنى ئەسلى قېنى بويىچە ئاقتۇرۇۋەتكەن. دېمەك ئاتتىلا دوناي دەرياسىنىڭ ئېگىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇ ھازىرغىچە ئۈچخىل مېتالدىن ياسالغان ئۈچ قەۋەت ساندۇقنىڭ ئىچىدە ياتسا كېرەك.

ئاتتىلا، تارىختىكى ئىسكەندەر، ئوغۇزخان، چىڭگىزخانغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئىستىلاچى (بويسۇندۇرغۇچى) بولۇپ، ئۇ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشنى ئالدىغا مەخسەت قىلىپ قويغان. ياۋروپالىقلار ئۇنى، "تەڭرىنىڭ بالىسى" دېيىشكەن ئىدى.

## ھونلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى

ئاتتىلانىڭ ئىككى بىكەسىدىن تۇغۇلغان بەش ئوغلى بار ئىدى. ئارىقاي ئاتلىق بىكەسىدىن، ئىلىك، دېڭگىزىك، ئىرنىك (ئىرمىك) ئاتلىق ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلغان، ئۇنىڭ بۇندىن باشقا يەنە ھېرناق چىسابا، ئارتىك ئاتلىق ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى.

ئاتتىلا ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلىك ئىمپېراتور بولدى. شۇ چاغدا، ئوستىروگوتلار، گېپىدلار ئىسيان كۆتەردى. مىلادىنىڭ 454 - يىلى ھونلار بىلەن ئىسيانچىلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا (رومىنىيەدىكى نودىر دەرياسىنىڭ بويىدا) ئىلىك ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۆكىسى دېڭگىزىك ئىمپېراتور بولدى. ئۇ مىلادىنىڭ 454 - يىلىدىن 469 - يىلىغىچە ھونلار ھەركىتىگە باشچىلىق قىلدى. ئۇ مىلادىنىڭ 469 - يىلى شەرقى روما ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بېشى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلۈپ، سازايى قىلىندى.

دېڭگىزىك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتتى. شۇندىن باشلاپ ھونلار بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا، ئازوۋ دېڭىزىنىڭ غەربى شىمالىدا، ھونلارنىڭ قوتۇرغۇر قەبىلىسى، دوننىڭ قوينىدا ئوتۇرغۇر قەبىلىسى جايلاشتى. بۇ ئىككى قەبىلە شەرقى رومانىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇردى. مىلادىنىڭ 545 - يىلى شەرقى روما ئىمپېراتورى يۇستىنيان ئوتورغۇرخانى ساندىكلىنى قورتۇرغۇرلارغا قارشى ئاتلاندۇردى. قورتۇرغۇر ھونلىرى ساندىلكى تەرەپتىن قىرىپ تاشلاندى ئەمما قۇرتۇرغۇر ھونلىرىنىڭ خانى زابىرگان قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەسلىگە كەلدى. ئۇ مىلادىنىڭ 559 - 558 - يىللىرى قىش پەسلىدە قوشۇنلىرىنى باشلاپ مۇزلىغان دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كۆتۈلمىگەندە ئىستانبۇل سېپىلىنىڭ تۈۋىگە قىستاپ كەلدى. لېكىن رومالىقلار پايتەختىنى ھونلاردىن ساقلاپ قالدى. زابىرگان دون دالىسىغا قايتىپ كېلىپ ساندىكلىغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. شۇ چاغدا تۈركلەردىن يېڭىلىپ، ئاسىيادىن غەرپكە قاراپ كەلگەن ئاۋارلار ئىككى ھون قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. ھونلارنىڭ ئوتۇرغۇر، قوتۇرغۇر قەبىلىسىدىن بولغارلار كېلىپ چىققان بولۇپ ئۇلار ۋولگا بولغار دۆلىتى (770 - 1400)، دوناي بولغار دۆلىتى (584 - 1018) قاتارلىق ئىككى دۆلەتنى قۇرۇپ

ياۋرۇپادا ھوكۇم سۈرگەن . ھونلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا ئاتتىلانىڭ ئوغلى ئىرنىك باشچىلىقىدا دوناي بويلىرىغا توپلۇنۇپ ، ماجارىستان ( ۋېنگىرىيە ) دولىتىنى قۇرغان .

قانداقلا بولمىسۇن ياۋروپا ھونلىرىنىڭ بىر قىسمى شەرقى ياۋروپادا دولەت قۇرغان هازارلار ( 463 ـ 968 ) ، ئاۋارلار ( 565 ـ 850 ) غا قوشۇلۇپ كەتكەن . بولغارلار ئىنجىلىنى 6 ـ ئەسىردە بولغار ( تۈرك ) تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ، خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ ، سلاۋيانلارغا ئارىلىشىپ ، تامامەن سلاۋيانلىشىپ كەتكەن .

ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ۋېنگىرىيىدىكى تىسا دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى .

## ياۋروپا ھون ئىمپىراتۇرلىرى

1 ـ بالامىر ـ مىلادى 400 ـ 374 ـ يىللار

2 ـ يۇلدۇز ـ مىلادى 410 ـ 400 ـ يىللار

3 ـ قاراتون ـ مىلادى 115 ـ 410 ـ يىللار

4 ـ بونچۇق ـ مىلادى 422 ـ 415 ـ يىللار

5 ـ روبىا ـ مىلادى 434 ـ 422 ـ يىللار

6 ـ ئاتتىلا ـ مىلادى 453 ـ 434 ـ يىللار

7 ـ بىلدا ـ ( بۇ ئورتاق ئىمپىراتور ) 445 ـ 434 ـ يىللار

8 ـ ئىلىك ـ مىلادى 454 ـ 453 ـ يىللار

9 ـ دىڭگىزىك ـ مىلادى 469 ـ 454 ـ يىللار

# ئۇلۇغ ياۋچىلار

تارىختا تۈركى خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار تارىخنىڭ ئۇزۇنلىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تاخارىستان، كوشان ئىمپېرىيىسى، ئاق ھونلار (ئېپتالىتلار) ئىمپېرىيىسى قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغانلىقى، يۈكسەك، باي مەدەنىيەت ياراتقانلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر.

تۈركى خەلقلەر قەدىمقى چاغلاردا دۈشمەننى (بۇ سۆز فارىسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن) «ياۋ» دەپ ئاتاتتى. بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بولغان ئۆزبەكلەر ھازىرمۇ دۈشمەننى «ياۋ» دىسە قازاقلار «جاۋ» دەپ ئاتىشىدۇ. «ياۋچى» دىگەن ئىسىم ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئۇرۇشقاق، ئۆز خوشنىلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان ناھايىتى جەڭگىۋارلىقىغا قاراپ قويۇلغان ئىكەن.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ئەڭ قەدىمقى چاغلاردىن باشلاپ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىدا ياشاپ كەلگەن، ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ھون ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇن (مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇن) مۇستەقىل خانلىق بولۇپ، 150 مىڭ كىشىلىككە يېقىن قوشۇنغا ئىگە ئىدى. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئاھالىسى بىر مىليونغا يېقىن بولسا كېرەك.

## ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ غەرپكە كۆچىشى

ئەزەلدىن تارتىپ ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن قېرىنداش بولغان ھونلار، ئۇيسۇنلار بىر-بىرىگە يان خوشنا بولۇپ ياشايتتى. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلار بىلەن خېشى كارىدورىدا ياشىسا، ھونلار ئۇلارنىڭ شەرقىدە (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدە) ياشايتتى.

مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلارغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانى خاندۇمنى ئۆلتۈرگەن، يايلاقلىرىنى بېسىپ ئالغان. مەغلۇپ بولغان ئۇيسۇنلار شەرققە قاراپ قېچىپ ھونلار پاناھىغا كەتكەن. بۇ چاغدا، مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن ۋۇجۇتقا كەلگەن ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ غەيرىتى ۋە شىجائىتى ئارقىسىدا كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى. ھون-

لار يېنىغا بارغان ئۇيسۇنلارنىڭ يابغۇسى (يابغۇ—مەنسەپ نامى) تۇغۇلغانىغا بىر نەچچە ئاي بولغان خانزادە راغۋمىيمنى (خاندو مىنىڭ ئوغلى) ئېلىپ قاچقان. باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان)، خانزادە راغومىيىنى چوڭ قىلىپ ئۆستۈردى. راغومى ھونلار ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا خىزمەت كورسەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇيسۇنلارغا خان قىلىپ تەيىنلەپ، پۈتۈن ئۇيسۇن ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتۇردى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيسۇن بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدا يەنە ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ قېتىم ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئۇيسۇنلار ئىرىسىن ۋادىسىدىن (ئىڭشادا)، خىشى كارىدورىدىن غەربكە قاراپ كوچۈپ ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ يەرلىشىپ قالدى.

مىلادىدىن 175-يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت ئوغلى قايوق باشچىلىقىدا ھون قوشۇنلىرىنى ئۇلۇغ ياۋچىلار (ياۋچىلار ئىسيان كوتەرگەن ئىدى) ئۈستىگە ماڭدۇردى. قايوق باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تارمار قىلدى. ئۇلارنىڭ خانىنى ئولتۇردى. قانلىق جازايۇرۇشىگە ئۇچرىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار مەرھۇم خانىنىڭ ئايالى باشچىلىقىدا غەربكە قاراپ كوچۈپ، دەسلەپ كۇچارغا كەلگەن. بۇ يەردىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ يېڭىدىن كىلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيسۇنلارنى جايلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدا يەرلەشكىنىگە يىگىرمە بەش يىل بولغاندا، (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن) ھونلار ياردىمىنى ئالغان ئۇيسۇنلار، ئۇلۇغ ياۋچىلارغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىلى ۋادىسىدىن قوغلىغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدىن غەربى جەنۇپقا سىلجىپ قەشقەرگە كەلگەن، بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا باكترىيىگە (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالى قىسمى) ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان.

## تۇخارىستان

(150—50)

ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن باكترىيىگە بېسىپ كىرىپ، گىرىك ماكىدون ھوكۇمرانلىقى (ئىسكەندەر مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىرانىنى بېسىپ ئالغاندىن باشلاپ تۇخارىستاندا گىرىك ماكىدون ھوكۇمرانلىقى ئورنىغان)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تارىختا "تۇخارىستان" دەپ ئاتالغان دولەتنى قۇرغان. "تۇخار" سوزىنىڭ قانداق كىلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق مەناغا ئىگە ئىكەنلىگى ھەققىدە ھېلىغىچە ئېنىق بىر ئۇقۇم يوق.

مىلادىدىن 126 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئالدىغا بارغان جاڭچيەن، ئۇلارنى ھونلارغا قارشى كۈرەشتە، خەن سۇلالىسىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، ئۇلۇغ ياۋچىلار جاڭچيەن تەرىپىدىن قويۇلغان تەلەپلەرنى رەت قىلغان.①

تاشقى مۇڭغۇلىيىدىكى "نويۇن تاغىدىكى ھون قەۋرىستانلىقىدىن يۇڭدىن توقۇلغان كەشتەگۈللۈك پەردىلەر تېپىلغان. بۇ پەردىلەردە سەپ تارتىپ كىتىۋاتقان ئاتلىقلار تەسۋىرلەنگەن. ئادەملەرنىڭ قىياپىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ تۇخارچە (ياۋچىلارچە— ئا) كىيىم كەيگىنىگە قاراپ، شۇنىڭدەك

① خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. «پەرغانە ھەققىدە قىسسە» ۋە «جاڭچيەن ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن.



AltunOq

بۇ پەردىلەرنى زىننەتلىگەن ...... يوللارغا قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇلار پەقەت تۇخارىستان تېررىتورىيىسىدىلا مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ياكى بىر ئەسىر بۇرۇن ئىشلەپ چىقىلغان بولۇشى مۇمكىن»①

مانا بۇ پەردىلەرگە قارىغاندا، تۇخارىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ ياۋچىلار خېلى يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان.

## كوشان ئىمپېرىيىسى

(50 — 420)

ئۇلۇغ ياۋچىلار قۇرغان تۇخارىستان دۆلىتى بەش يابغۇ (مەنسەپ نامى) تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بەش خانلىققا بۆلۈنەتتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ۋاخان يابغۇسى (ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا)
2. ماستوج يابغۇسى (شىمالىي پاكىستاندىكى ماستوج)
3. كوشان يابغۇسى (ۋاخاننىڭ غەربىدە)
4. فەرۋان يابغۇسى (كابۇلنىڭ شىمالىدا)
5. كابۇل يابغۇسى.

يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاققىچە) تۇخارىستان دۆلىتى مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ، بىرلەشكەن كۈچلۈك كوشان ئىمپېرىيىسى بولۇپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇن كوشان يابغۇسى قەنىشقە I باشقا يابغۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، كوشان نامى بىلەن ئاتالغان ئىمپېرىيىگە ئاساس سالدى. ئۇ، پارپىيە بىلەن ئۇرۇش باشلاپ پارپىيە قوشۇنلىرىنى ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، كابۇل رايونى ئەتراپىدا تارمار قىلدى. شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن قەنىشقا I- پارپىيە تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى كوشان ئىمپېرىيىسىگە قوشۇپ ئالدى.①

مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 420- يىلىغىچە تەخمىنەن 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن كوشان ئىمپېرىيىسىنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىش مۇمكىن. قادفىس I (مىلادىنىڭ 40- يىلىدىن 75- يىلىغىچە) ۋە قادفىس II (75- يىلىدىن 95- يىلىغىچە) قاتارلىق كوشان ئىمپېراتورلىرى ۋاقتىدا، كوشانلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسى بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قۇجۇلا قادفىس I (75-40) دەۋرىدە كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى خارەزمى، سوغدىيانادىن ھىندىستانغىچە، پامىردىن پارپىيىگىچە سوزۇلغان بولسا، قادفىس II دەۋرىدە (95-75) ئۇ ھىندىستاننى بانارىسقىچە بېسىپ ئالغان.

① «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبەكچە 1- توم، 105- بەتكە قارالسۇن.

كوشانلار ئۆزىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى پېشاۋۇرغا كۆچۈرگەن. قەنىشقا II (مىلادىنىڭ 110- يىلىدىن 123- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىمپېراتور بولغان دەۋردە تازا كۈچەيگەن.

كوشان ئىمپېرىيەسى «شاھلار شاھى» قەنىشقا II (بەزى تارىخچىلار ئۇنى مىلادىنىڭ 78- يىلىدىن 123- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان دېيىشىدۇ) ئىمپېراتورلۇق قىلغان مەزگىلدە ناھايىتى كۈچىيىپ ئاجايىپ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن.

قەنىشقا II دەۋرىدە شەرققە سىلجىش كۈچىيىپ، كوشانلارنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى كېڭەيتۈرۈلگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن. كوشان ئىمپېرىيەسى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە دۆلەتكە ئايلانغان.

كوشان ئىمپېراتورى قەنىشقا II مىلادىنىڭ 89- يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن پادىشا خەن خېدى قەنىشقا II نىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، كوشان ئەلچىلىرىنى قاماققا ئالغان. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان قەنىشقا II پامىر ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تەسىرى كۈچلۈك بولغان غەرب ئەللىرىگە (ئاساسەن تارىم ۋادىسى) 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم باشلىغان. بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرغان ئەلچىسى بەنچاۋ خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، كۇچار، قارا شەھەر قاتارلىق خانلىقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىغا يول كۆرسىتىپ، كوشان قوشۇنلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 90- يىلى يۈز بەرگەن. خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 103- يىللىرى ھۇنلارنىڭ بېسىم كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بەنچاۋنى قەشقەردىن چاقىرىپ ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا خەن سۇلالىسى بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن. قەنىشقا II غەرب ئەللىرىدىكى دۆلەتلەر بىلەن مەخپىي سوھبەتلەر ئېلىپ بارغان. ② ئۇ ئىمپېراتور بولغان مەزگىلنىڭ ئاخىرىدا خوتەن، ياركەنت، قەشقەر خانلىقلىرىمۇ ئۆز ئىمپېرىيەسى تەركىۋىگە قوشۇپ ئالغان.

قەنىشقا II ئۆز ئىمپېرىيەسى تەركىۋىدىكى تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ھەر خىل دىنىي ئېتىقادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 100- يىلى كەشمىردە بۇددىستلارنىڭ خەلقارا قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتايدا كېيىنچە جۇڭگو، تىبەت، موڭغۇلىيە، ياپونىيىگە تارقالغان بۇددىزمنىڭ ماخىيانا مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇنى كوشان ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيەسىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىلدى. قەنىشقا II بۇنداق قىلىشتا كوشان ئىمپېرىيەسىدىكى تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك دىنىي ئېتىقادى بىرلىككە كەلگەندە (پەقەت بىرلا دىنغا — بۇددىزمغا ئېتىقات قىلغاندا) مەنىۋى جەھەتتە كوشان دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە پايدىلىق بولىدۇ، دېگەن مەقسەتنى كۆزدە تۇتقان. بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدا، قەنىشقا II نىڭ تەشەببۇسى خېلى چوڭ رول ئوينىغان. قەنىشقا II ئىككىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەشھۇر بۇددىستلارنى ئېلىپ، ئۆزى خوتەنگە كېلىپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

قەنىشقا II ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدە، ئۇ شەرق ئەللىرى بىلەنلا ئەمەس، غەرب ئەللىرى بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقان. مىلادىنىڭ 99- يىللىرى كوشان ئەلچىلىرىنىڭ رىمغا بارغانلىقى مەلۇم. 3-، 4-

ئەسىرلەردە ياشىغان رىم يازغۇچىلىرى، 2 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا رىم ئىمپېراتورلىرى ئادرىئان، ئانتونىن پىيى دەۋرىدە رىمدا پەيدا بولغان كوشان ئەلچىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ناھايىتى كۆپ مىقداردا رىم ئىمپېراتورى نېرون (مىلادىنىڭ 54 ـ يىلىدىن 68 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) تەڭگىلىرىنىڭ تېپىلىشىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ. كوشانلار رىم بىلەنلا ئەمەس، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر بىلەنمۇ ئالاقىدا بولغان.③

كوشانلار تارىخىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ھەققىدە يېتەرلىك، ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىبىر تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كوشان ئىمپېرىيىسى مىلادىي 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاق ھۇنلار تەرىپىدىن يوقۇتىلغان.

كوشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىغىچە) شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغان. كوشانلار غەرب مەدەنىيىتى (ئاساسەن يۇنان مەدەنىيىتى) ئاساسىدا مەزمۇنى مول يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ يارىلىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. كوشانلار دەۋرىدە مۇزىكا، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تېرمىز شەھىرىگە يېقىن بولغان «ئايىرى تام»دىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلغان چالغۇچىلارنىڭ تاشتىن ياسالغان ھەيكەل شەكلىدىكى تەسۋىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇ.④

كوشان سەنئىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىدە (ھىندىستاندىكى تاكسىلا ۋە مادۇرا شەھەرلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرى)، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە (كۇچار ۋە قەشقەردىن تېپىلغان ھەيكەللەر) ۋە شەرقىي ياۋروپا مەدەنىيىتىدە (ئالانلار مۇھىتى ئارقىلىق) چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.⑤

كوشان ئىمپېرىيىسى تەركىۋىدىكى خەلقلەر ھەرخىل تىلدا (تۈركى، پارس، ھىندى) سۆزلەشكەن بولسا، ئۇلار شۇ ۋاقىتتا خارەزمى يېزىقى، قاروشتى يېزىقى، كوشان يېزىقى (بۇ يېزىق يۇنان يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن) قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان.

كوشان ئىمپېرىيىسى تەركىۋىدىكى خەلقلەر ئاتەشپەرەست، شامانىزىم، مانىقەي دىنلىرىغا ئېتىقات قىلغاندىن تاشقىرى، بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقات قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتە سۇدىن تېپىلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى شۇنىڭدىن گۇۋالىق بېرىدۇ.

كوشانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارا-بارا سۇسلىشىپ (كوشان دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا خارەزمى، سوغدىيانە مۇستەقىل بولۇپ ئالغان) ھىندىستان مۇھىتىدا ياشىغانلىقتىن كوشان ئىمپېراتورلىرى ھىندى شاھلىرىغا، كوشان تۈركلىرى ھىندىلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن.

كوشان ئىمپېراتورلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

| | | |
|---|---|---|
| 1. قەنىشقا I | (50—30) | 28 يىل ئىمپېراتور بولغان |
| 2. خۇۋىشقا | (50—10) | 40 يىل ئىمپېراتور بولغان |
| 3. ۋاسودېۋا | (10—40) | 30 يىل ئىمپېراتور بولغان |
| 4. قۇجۇلا قادفىس I | (40—75) | 35 يىل ئىمپېراتور بولغان |

قوجولا I نى بەزى تارىخچىلار مىلادىنىڭ 5 ـ يىلىدىن 50 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان. ئۇ 70 ياشتىن ئارتۇقراق ئۆمۈر كۆرگەن دېيىشىدۇ.

5. ۋىما قادفىس II (75—98) 20 يىلدىن ئارتۇقراق ئىمپېراتور بولغان.

بەزى تارىخچىلار ۋىما قادفىس II نى مىلادىنىڭ 51 ـ يىلىدىن 78 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان دېيىشىدۇ.

6. ۋىيىشقا (95 ـ 110)15 يىل ئىمپېراتور بولغان.

7. قەنىشقا II (110—129) 10 يىلدىن ئارتۇقراق ئىمپېراتور بولغان.

ئىشەنچىلىك تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا «شاھلار شاھى» نامىنى ئالغان ئىمپېراتور قەنىشقا II مىلادىنىڭ 78 ـ يىلىدىن 123 ـ يىلىغىچە 45 يىل ئىمپېراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرغان. مۇشۇ قاراش پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

8. ۋاسودېۋا II

بۇ مىلادىنىڭ 250 ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

9. كىتارا

بۇ مىلادىنىڭ 5 ـ ئەسىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلغان.

يۇقىرىغىچە كوشان ئىمپېراتورلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى تولۇق ئېنىقلاشقا ئاساس بولىدىغان ماتېرىياللار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرچە شۇنچىلىك چۈشەندۈرۈلدى.

## ئاق ھون ئىمپېرىيىسى

(420 — 565)

I

قەنىشقا II ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن كوشان ئىمپېرىيىسى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. مىلادىنىڭ 3 ـ ئەسىرىگە كەلگەندە، باكتىرىيە (شىمالى ئافغانىستان) كابۇل ۋادىسى، ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالى قىسمىدىلا ئۆز قولىدا ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا بىر قانچە ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىران ساسانىلار سۇلالىسى (225 ـ 651) كۈچىيىشكە باشلاپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھازىرقى ئافغانىستاننى بېسىپ ئالدى. 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ھىندىستاندىكى گۇپتا پادىشالىقى كۈچىيىپ ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالى قىسمىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەپ ئالدى. كوشانلارنىڭ كىچىك خانلىقىنىڭ قالدۇقى ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىلا ساقلىنىپ قالدى.

مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا (420 ـ يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقى ـ شىمالى تەرىپىدىن كەلگەن ئاق ھونلار باكتىرىيىنى بېسىپ ئېلىپ، ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالى قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، كوشانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى.



AltunOq

ئاق هونلار ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايى ئاق سۇۋۇك بولغانلىقى ئۈچۈن، روما تارىخچىسى فروكوفىيس : ئۇلارنى ئاق هونلار دەپ يازغان. 5 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىلىرى كوشانلار بىلەن ئېپتالىتلار ( ئاق هونلار ـ ئا) بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ،»⑦ چۈنكى كوشانلار بىلەن ئېپتالىتلار (ئاق هونلار ) ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن ئىدى. بۇنى «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېپتالىتلار هەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتمۇ ئىسپاتلايدۇ. يىلنامىدا مۇنداق دېيىلگەن، ئېپتالىتلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن كېلىپ چىققان»

دېمەك ئاق هونلار ئىمپېرىيىسى (ئېپتالىتلار ئىمپېرىيىسى ) ئۇلۇغ ياۋچىلار قۇرغان ئۈچىنچى دولەت ھېساپلىنىدۇ.

## II

ئاق هونلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ماراكەنت (هازىرقى سەمەرقەنت) بولۇپ ئۇنىڭ ئاق تورت بۇرجەكلىك بايرىغىنىڭ غەربى چېتىگە بەش قىرلىقتىن ئۈچىۈلتۈز چۈشۈرۈلگەن.

ئاق هونلار دولىتى ۋۇجۇتقا كېلىش بىلەنلا ئىران ساسانىلار سۇلالىسى (651 ـ 252) بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى. ئاق هونلارنىڭ تۇنجى پادىشاسى ئاق سىۋارخان ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدە (450 ـ 420) ئىران ساسانىلار شاهى بەهرامگور (438 ـ 418) ئاق هونلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. مەرۋى شاهى جاهان يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا، ساسانىلار غەلىبە قىلدى. ئاق هونلار بىلەن ساسانىلار ئارىسىدىكى چېگرا تالقان شەهرى (مەرۋى شاهى جاهان بىلەن بەلىخ ئارىسىدىكى شەهەر) يېنىدا بەلگىلەندى.ساسانىلار شاهى يەزدىگىر II پادىشالىق قىلغان مەزگىلدە 457 ـ 438) ئاق هونلار بىلەن ساسانىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بالخان تېغى يېنىدىكى چال شەهرىدە (هازىرقى كىراسنوۋودىسكى يېنىدا) بولۇپ، ئاق هونلار ئىمپېراتورى (بۇ ئېهتىمال ئاق سىۋارخان بولىشى مۇمكىن) ئۆلتۈرۈلدى.

ئاق هونلار ئىمپېرىيىسى تورامانخان ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدىن باشلاپ (502 ـ 450) ناهايىتى كۈچىيىپ كەتتى.

ئىران ساسانىلار شاهى يەزدىگىر II مىلادىنىڭ 454 ـ 453 ـ يىللىرى ئاق هونلارغا قارشى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش باشلىدى. بۇ يۈرۈش تورامانخان تەرىپىدىن تار ـ مار قىلىندى. ئىران ساسانىلار شاهى پىروز هوكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (485 ـ 457) ئىران بىلەن ئاق هونلار ئارىسىدا يەنە ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇشتا ئاق هونلار غەلىبە قىلدى. پىروز ئاق هونلارغا ئەسىر چۈشتى. لېكىن پىروز، ئىراننىڭ ئىتتىپاقدىشى شەرقى روما (روما ئىمپېرىيىسى مىلادىنىڭ 390 ـ يىلى غەربىي ۋە شەرقى روما ئىمپېرىيىسىگە بولۇنۇپ كەتكەن) ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى زىبنون تەرىپىدىن ئاق هونلارغا ئېۋەتىلگەن ئولپان ھىساۋىغا ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدى. مىلادىنىڭ 457 ـ يىلىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ئاق هونلارغا چېگرادىكى تالقان شەهرىنى بېرىش ۋە بەهرامگور ۋاقتىدا بەلگىلەنگەن چېگرادىن ئۆتمەسلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقان. پىروز شەرقى روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىران ساسانىلارنىڭ پايتەختىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئۇۋسېيۇ ھەمرالىغىدا (روما ئىمپېرىيىسى ئىرانغا ئالتۇن ياردەم قىلىپ، ئىراننى ئاق هونلارغا قارشى كۈشكۈرتكەن) ئاق هونلارغا قارشى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش باشلىدى. بۇ قېتىممۇ تورامانخان باشچىلىغىدىكى ئاق هون قوشۇنلىرى ئىران قو-

شۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، پىروزنى ئەسىر ئالدى. ئەسىرگە چۈشكەن پىروز، كۈمۈش دىنار (ئىران پۇلى) بىلەن تولدۇرۇلغان قاپلار يۈكلەنگەن ئوتتۇز خېچىر بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يىگىرمە خېچىر كۈمۈش دىنارنى ئاران بېرەلىگەن. شۇڭا، قوباد ئاتلىق ئوغلىنى ئاق ھونلارغا گۆرەگە قويۇپ، ئىككى يىل خىراج تولەشكە مەجبۇر بولغان. پىروز بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن ئۆز سىڭىللىرىدىن بىرىنى تورامان خانغا ياتلىق قىلىپ ئاق ھونلار بىلەن ئىناق ئوتتۇشكە ئۇرۇنغان. ئەمما پىروز ئالدامچىلىق قىلىپ تورامان خانغا ئۆز سىڭلىسى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر يالغان مەلىكىنى ياتلىق قىلغان. بۇنداق ئالدامچىلىقنى سىزىپ قالغان تورامان خان ئىراندىن كەلگەن ھەربى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە بىر قىسمىنى ئۇرۇپ ناكا قىلىۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن⑧

تورامان خان ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ئۈستىدىن قازانغان ئىككى قېتىملىق غەلىبىدىن كېيىن ئىراننى ئاساسەن قارام ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

پىروز مىلادىنىڭ 484 ـ يىلى شەرقى روما ئىمپېرىيىسىنىڭ (451 ـ 394) ياردىمىنى ئېلىپ ئاق ھونلارغا قارشى ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈش باشلىدى.

ئىران قوشۇنلىرى چېگرىدىن ئۆتۈپ ئاق ھونلار تېرىتورىيىسىگە قەدەم قويغان ھامان تەييارلاپ قويۇلغان لەخمىلەر ئۈستى نىقاپلانغان چوڭقۇر ئورەكلەرگە چۈشۈپ ھالاك بولدى. ئاق ھونلار پىروز باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى (پىروزمۇ ئۆلگەن) پاچىقىلىق يوسۇندا ھالاكەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئىرانغا ناھايىتى ئېغىر خىراج سالغان. مەرۋى شاھى جاھاننىمۇ بېسىپ ئالغان.

يۇقۇرىدىكى غەلىبىدىن كېيىن، ئاق ھونلار كابۇل ۋە ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىنى ئىگەللىدى. ئارقىدىنلا، تورامان خان قارا قۇرۇمدىن ئۆتۈپ خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، كۇچار قاتارلىق خانلىقلارنى جوجانلار قولىدىن تارتىپ ئالدى. ⑨ تورامان خان ئىمپېراتور بولغان چاغدا (502 ـ 450) ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېرىتورىيىسى ئىچىگە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراننىڭ شەرقى قىسمى، ھىندىستاننىڭ شىمالى قىسمى، تارىم ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى كىرگەن.

ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرى قوباد (530 ـ 484)، نوشىرۋان (580ـ530) ۋاقتىدا ئىران ئاق ھونلارغا خىراجەت تولەپ تۇردى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مىلادىنىڭ 457 ـ يىلىدىن باشلاپ، (پىروز پادىشا بولغاندىن تارتىپ) 554 ـ يىلىغىچە ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ئاق ھون ئىمپېرىيىسىگە قارام بولۇپ ياشىدى. 6 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىسى لازار پاربىيىسكى، ”پىروزنىڭ ئىراننى ئىپتالىتلارغە (ئاق ھونلارغا دىمەكچى) ساتقانلىقى ۋە قۇللۇقتىن ئۇنىڭ ھېچقاچان خالاس بولالماسلىقىنى ئەمىنلىك بىلەن قەيت قىلىدۇ»⑩

ئاق ھونلار، مىھىرگۇرا ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدە (502 ـ 540) قارا شەھەرنىڭ غەربىدە ئۇيغۇر خانلىقى (487 ـ 546) بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشقان. مىھىرگۇرا، جوجان خاقانى ئاناغاي (521 ـ 551) نىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىپ جوجانلار بىلەن بولغان دۈشمەنلىك ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىشىغا تولاراق جوجانلار مەنپەئەتدار ئىدى؛

بۇندىن تاشقىرى مەھرىگۇرا مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى چاگجىياڭ ۋادىسىدىكى لىياڭ سۇلالىسى (557 ـ 502) غا ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتقان.[11]

ئىران پەقەت مىلادىنىڭ 554ـيىلىدىن باشلاپ ئاق ھونلارغا بولغان قارامىلىقتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل پاشاشقا ئىگە بولغان. بۇنىڭغا مىلادىنىڭ 551 ـ يىلى قۇرۇلغان كوك تۈرك خاقانلىقى (744 ـ 551) سەۋەب بولغان. چۈنكى كوك تۈركلەر مىلادىنىڭ 554 ـ يىلى ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئېغىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ئۆزى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاق ھونلارغا بولغان قارامىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، تۇخارىستاننى ئاق ھونلار قولىدىن تارتىپ ئالغان. كوك تۈركلەر ئىران بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ مىلادىنىڭ 560 ـ يىللىرى 140 يىل ھوكۈم سۈرگەن ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى تار ـ مار قىلىپ، ئۇنىڭ ئىرىتۇرىيىسىنى كوك تۈرك خاقانلىقىغا قوشۇپ ئالغان.

III

ئاق ھونلار تولاراق شەھەرلەردە ياشىغان. ئۇلار ئۈمۈت بىلەن قوراللانغان باتۇر ۋە شەپقەتسىز قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئاق ھونلاردا ئاساسەن غەربى ھون تىلى يېتەكچى تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان.[12] ئاق ھونلار ئىمپېرىيىسى تەركىۋىدە تۈرلۈك خەلقلەر (تۈركى، ھىندى، پارس) ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تۈرلۈك دىنلارغا (بۇددا، ئاتەشپەرەست، مانى) ئىشەنگەن.

ئاق ھونلار ناھايىتى يۇقۇرى مەدەنىيەت ياراتقان. بۇنىڭغا تۆۋەندە بىرلا پاكىتنى كەلتۈرۈش كېيايە.

ئاق ھونلاردا رەڭلىك شىشە ئىشلەش ناھايىتى تەرەققى قىلغان. «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، غەرپ ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىنىڭ «ئۇلۇغ ياۋچىلار» تارمىقىدا بۇنداق دېيىلگەن «ياۋچىلارنىڭ پايتەختىدە (تۇوبالار خانلىقىنىڭ پايتەختى داتوڭ شەھرى كوزدە تۇتۇلىدۇ) سودىگەرچىلىك قىلىدىغان سودىگەرلىرى بىز تاشنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل رەڭدىكى شىشىلەرنى ئىشلەشنى بىلىمىز، دەپ جاكالىغان. ئۇلار تاغلاردىن رودا كەلتۈرۈپ پايتەختتە (داتوڭ شەھرى ـ ئا) رەڭلىك شىشە قۇيۇش ئۈستىدە تەجرىبە قىلغاندا، نەتىجىلىك چىققان. ئۇلار ياسىغان شىشىلەر شىنجىلىك پاقىراق چىققانكى، بۇ جەھەتتىن غەربى مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن شىشىلەردىنمۇ چىرايلىق چىققان. شۇڭا، پادىشا (تووباخانى تووبا تاۋـئا) ئۇلار قۇيغان شىشىلەردىن ئوردىدىكى تەختلەرنى ياساشتا پايدىلىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەن. يۈزدىن ئارتۇق ئادەم شىشە قويۇشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. شىشىلەر ناھايىتى پاقىراق بولغاچقا، ئۇلارغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى سۈزۈك ئىكەن. بۇنداق شىشىلەرنى كورگەن كىشىلەر ھەيران قېلىشىپ، بۇلارنى ئىلاھى شىشىلەر دەپ ھېسابلىغان»[13] بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 424ـيىلى بولغان. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان غەربى مەملىكەتلەرنىڭ شىشىلىرى رىم ياكى سۈرىيە شىشىسى بولسا كېرەك. چۈنكى شۇندىن بۇرۇن جۇڭگو رەڭلىك شىشىلەرنى رىم ياكى سۈرىيىدىن ئالاتتى[14]

ئاق ھونلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

| | |
|---|---|
| 1. ئاق سىۋارخان | 420—450 |
| 2. تورامان خان | 450—502 |
| 3. مەھرى گۇرا خان | 502—540 |

# ئىزاھاتلار

① ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبېكچە 1-توم، 107 -بەتكە قارالسۇن.

② ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبېكچە 1-توم، 108 - بەتكە قارالۇن.

③ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبېكچە 1-توم، 109 - بەتكە قارالسۇن.

④ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبېكچە 1-توم، 114 - بەتكە قارالسۇن.

⑤ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئازبېكچە 1-توم، 116 - بەتكە قارالسۇن.

⑥ يوشى لاۋتى (ياپون تارىخچىسى) غەربتە بۇددىزم خەنسۇچە، 95-بەتكە قارالسۇن..

⑦ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبەكچە 1-توم 118-بەتكە قارالسۇن.

⑧ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۇزەكچە 1 - توم 121 - بەتكە قارالسۇن

⑨ لىياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى ئەپتالىتلار ھەققىدە قىسسە گە قارالسۇن.

⑩ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبېكچە 1- توم، 120 - بەتكەقارالسۇن

⑪ يۇتەنچىلىق (ياپونىيە تارىخچىسى) غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت تارىخى، خەنسۇچە 28 - بەتكە قارالسۇن.

⑫ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبەكچە 1- توم، 127 - بەتكە قارالسۇن

⑬ ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى ئۇلۇغ ياۋچىلار دۆلىتى خەنزۇچە 2275-بەتكە قارالسۇن.

⑭ ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى ئۆزبېكچە، 1-توم، 129-بەتكە قارالسۇن.

# لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئىزلىرى توغرىسىدا

غوپۇر ياقۇپ، كېرەم رەھىم

بىز شىنجاڭ تارىخىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە بولغان بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىنى تەتقىق قىلىش، تارىختىكى كومۇلۇپ كەتكەن، دۇنياغا نامەلۇم سىر بولۇپ قالغان تارىخىي ئىزلارنى ئېچىشتا شىنجاڭنىڭ شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، مىللەتلەرنىڭ كۆپلىكى، كۆچۈش ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپلىكى، مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى، يېزىق ئالمىشىشنىڭ كۆپلىكى، دىنلارنىڭ كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە ئالمىشىشى، مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى چېگرا ھالقىپ جايلىشىشى، قاتارلىق ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسىلارنى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئالاھىدىلىكى بىلەن بولغان تەبىئىي باغلىنىشىنى ئىلمىي ئاساستا بىرلەشتۈرگەندىلا تەستىقلىرىمىزدىكى كەمتۈكلەرنى تولۇقلاپ مەنبەلەرنى چوڭقۇر قېزىشقا شارائىت ھازىرلىيالايمىز.

تارىم ئويمانلىقىدا ناھايىتى زور كۆلەمنى ئىگىلىگەن تەكلىماكان قۇملۇقى بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆز ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا تەھدىت سېلىپ، كۆچمە قۇم بارخانلىرى غەربىي جەنۇپ، جەنۇپ، شەرقىي جەنۇپ رايونلاردىكى قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى ئۆز ئاستىغا يوشۇرۇپ، زور بىر قىسىم بوستانلىقنىڭ مەدەنىيەت، ھاياتلىق مەنبەسىنى ئىزسىز يوقاتتى.

لوپنۇر رايونى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىمى كونچى دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭرى رايون بولۇپ، بۇ رايون مىلادىدىن كېيىنكى 2 مىڭ يىل ئىچىدە تەكلىماكان كۆچمە قۇم ئاپىتىگە ئېغىر ئۇچرىغان رايونلارنىڭ بىرى. لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت قەلئەلىرىدىن دورەن، توپ شەھەر (توپا شەھەر)، شەھەرى كېتىك، شەھەرى ئۈجۈم قاتارلىق قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدا كومۇلۇپ ياتقىلى ئالدىنقىسىغا 20 ئەسىر، كېيىنكىلىرىگە 5 ئەسىر چامىسىدا بولغانلىقى لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقالغان چۆچەك ھەم ئېغىز تەزكىرىلىرىدىن مەلۇم بولماقتا. خۇددى تارىخ ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مەھەممەت ئىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستان ۋە چۆللۈكنىڭ مۇناسىۋىتى» دىگەن ئەسىرىدىكى "بىر زامان گۈللەنگەن دولان - كىرورەنيا مەملىكىتىنىڭ خاراپلاشقانلىقىنى، مىرەن - خوتەن ئارىلىقىدىكى بوستانلىقنىڭ خاراپلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالا-

لايمىز» دېگەن ھوكۇمى لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمى مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ خىل قۇم يەكلىرىنىڭ تەھدىدى لوپنۇر رايونىدىكى تەبىئەت تەھدىدىنىڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەنلىكىنى يېقىنقى 50 يىللىق تارىخى جەريانلاردىنمۇ كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

بىز توۋەندە قۇم ئاستىدا كومۇلۇپ ياتقان، ھازىرغىچە ھېچكىم ئېچىشقا جۇرئەت قىلالمىغان قەدىمى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئىزلىرى توغرىسىدىكى لوپنۇر خەلقىنىڭ ئېغىز رىۋايەتلىرى، كورگەن ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1 . شەھرى كېتىك ھەققىدە:

شەھرى كېتىك ئۇيقان دەرياسىنىڭ جەنۇبى ساھىلىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەملىرى كوپ، ئاۋات، قولھۇنەرۋەنچىلىگى تەرەققى ئەتكەن تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ شەرقى - شىمالىدىكى شەھەرنىڭ بىرى بولغان.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە شەھرى كېتىك خەلقى ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان ئىكەن. قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن غوجا ساقى دېگەن كىشى شەھرى كېتىكتە 7 يىل تۇرۇپ، شەھرى كېتىك ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 7 يىل ئىچىدە غوجا ساقى كېتىك بەگلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، پەقەت 12 نەپەر ئەر كىشى، 7 نەپەر ئايال كىشىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغان. بۇ كىشىلەرمۇ شەھەر بۇددىستلىرىنىڭ تەھدىدى، قارشىلىقىغا ئۇچراپ تۇرغان. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بىر تالىپنىڭ بىر چىرايلىق رەنا سىڭلىسى بولۇپ، سىڭلىسى ئوسۇپ يېتىلىپ كېتىك شەھرىدە ھوسنى جامالدا تەڭداشسىز بولۇپ تونۇلغان. شۇ كۇنلەردە تالىپنىڭ ئوز سىڭلىسىغا كوزى چۇشۇپ قالغان، تالىپنىڭ ئوگەي ئاتىسىنىڭمۇ ئوگەي گۇزەل قىزىغا شەھۋانىلىقى قوزغالغان. بۇ ۋەقەنى غوجا ساقى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەنگەن. شەھرى كېتىكتىن بىزار بولۇپ كەتمەكچى بولغان. غوجا ساقى كېتىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 19 نەپەر ئەر ۋە ئاياللارغا ئاگاھلاندۇرۇپ، «مەلۇم كۇنلەردىن كېيىن شەھرى كېتىك قۇم ئاستىغا چوكىدۇ. قۇم ياققان مەزگىللەردە سىلەر ۋە بالىلىرىڭلار قۇمنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايسىلەر. بۇ چاغدا بۇ چوڭ چىنار دەرىخىنى ئايلىنىپ ھەركەت قىلساڭلار قۇمدىن ئامان قالىسىلەر» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. راس دېگەندەك مەلۇم كۇنلەردىن كېيىن كېچە - كۇندۇز قۇم ياققان. 19 نەپەر كىشى قۇم ئاپىتىدىن ئامان قالغان. قالغان بۇددىستلار شەھەر بىلەن بىللە تامامەن قۇم ئاستىدا ھالاك بولغان. ئاۋات كېتىك شەھرى ئورنىدا قۇم بارخانلىرى ھاسىل بولغان ئىمىش.

يەنە بىر رىۋايەتتە: شەھرى كېتىك پۇخرالىرى ئىلگىرىكى زامانلاردا بۇتقا ئېتىقات قىلغان ئىكەن. قەشقەردىن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۇچۇن غوجا ساقى، غوجا جالالىدىن، غوجا ئەرشىدىن قاتارلىق 3 نەپەر ئاكا - ئۇكا شەھرى كېتىككە كەلگەنىمىش، ئۇلار ئىسلام شەرىئەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشنى خەلققە مۇراجىئەت قىلغان ئىكەن. شەھرى كېتىك پۇخرالىرى غوجىلارنى سىناپ كورۇش ئۇچۇن ئۇلارغا بىر كارامەت كورسىتىپ بېرىشنى دەۋا قىلغان. «ئەگەر سىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىياسى، كارامەت ئىگىلىرى بولساڭلار شەھرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئوتكەن ئۇيقان دەريا كوبرۇگىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالىساڭلار ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىمىز» دېيىشكەن. غوجىلار ئەسلىدە كارامەت ئىگىلىرى بولۇپ، كوبرۇكنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، شەھەر بەگلىرى ئىسلام دىنىنى رەت قىلغان. غوجىلار غەزەپلىنىپ قەشقەر تەرەپتىن قۇمنى چاقىرىپ بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى تامامەن قۇم دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتكەن ئىكەن، قۇم ئاپىتىدىن ئامان

قال2ان ئۆيلۈك كىشىنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ قۇم بېشىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان. بىر قىسمى دوڭقوتان رايونىدا يەرلەشكەن. بىر قانچە ئائىلە كورلا ناھىيىسىنىڭ كېتىك مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىپ يەرلىشىپ قالغان. دوڭقوتان رايونى قولتۇق بەگ دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. قولتۇق بەگنىڭ ئوغلى قوجۇ قۇلى بەگ دەۋرىدە ياۋا چېچەك كېسەلى تارقىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر قىرىلىپ كەتكەن. دوڭقوتاننىڭ بىر قىسىم ئاھالىسى ياۋا چېچەك ۋاباسىدىن قېچىپ يېڭىسۇ رايونلىرىغا بېرىپ يەرلىشىپ قالغان ئىكەن.

يۇقۇرىدىكى مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان شەھرى كېتىك ھەققىدىكى رىۋايەت خەلق ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئاددى، باياندا گەرچە قارىمۇ - قارشى ئۇقۇملار بولسىمۇ شەھرى كېتىكنىڭ 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىلا تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدا قەد كوتۈرۈپ تۇرغان ئۇيغۇر بۇددىزمىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ قۇم ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقى، خەلقنىڭ قۇمدىن قۇتۇلۇش چارە تەدبىرلىرىنى كورگەنلىكىنى كورەلەيمىز. ئاقسۇ قۇم بېشى، دوڭقوتان، كورلا كېتىك مەھەللە ئاھالىسىنىڭ شەھرى كېتىك بىلەن تارىخى مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، دوڭقوتان خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش دەۋرىنىڭ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. بۇ خىل ئاددى رىۋايەت شەھرى كېتىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا سېلىنىغان دەسلەپكى ئەڭ ئاددەتتىكى ئىز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكۈسى.

2 . شەھرى نۇجۇم خارابىسى ھەققىدە:

شەھرى نۇجۇم خارابىسىنىڭ ئورنى بۈگۈر تەۋەسىدىكى قوزاق قوش كوبرۈكتىن ئوتۈپ، بەختى ياسىق بىلەن ئالۋان سىڭغىچە بولغان رايون شەھرى نۇجۇم دەپ ئاتالغان. قوش كوبرۈكنىڭ جەنۇبىدا 2 تۈپ چىنار بولۇپ بىرى يىقىلىپ كەتكەن، بىرى ئورە تۇرغان بولسىمۇ قۇرۇپ داغى بولۇپ كەتكەن. بەختى ياسىقتىن بىر ئاز ئوتكەندىن كېيىن 2 يول ئايرىلىدۇ. بىر يولى توپا شەھەرگە، بىر يولى ئاقكولگە بارىدۇ، ئاقكولگە بارىدىغان يولدا ھاك توكۈلگەن ئىزلار بولۇپ، بۇ جاي ھازىرغىچە كىشىلەر تەرىپىدىن غەزىنە بار ئورۇن دەپ قارىلىپ كەلگەن. قادىر ھاجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر خارابە بار، بىر گۈمبەزدىن باشقا جايلار قۇم ئاستىدا قالغان. بۇ كونا خارابىلىق بار ئورۇننى كىشىلەر ھازىر «كوتەك قوتان» دەپ ئاتىۋالغان. كوتەك قوتاننىڭ بىر تەرىپى شال بىلەن ئېتىلگەن. قوتان ئارقىسى شەھەر خارابىلىرىنىڭ تاشلاندۇق ئىزلىرى بىلەن تولغان. بەختى ياسىقنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر كونا ئۆي ساقلانغان. ئۆيىنىڭ كېسەكلىرى چوڭ، تاملىرى قېلىن قوپۇرۇلغان. ئاقكولنىڭ توۋەن تەرىپى ھازىر «توگە قوتان» دەپ ئاتىلىپ قالغان. قوتاننىڭ يېرىمى شال بىلەن ئېتىلگەن. توگە ما ياقلىرى كۆلگە ئايلانغان. توگە قوتان ئەتراپىدا چوڭ قەۋرىستانلىق جايلاشقان. قەۋرىستانلىقنىڭ بىر قىسمى ئېچىلىپ قالغان. زور بىر قىسمى قۇم ئاستىدا كومۈلۈپ قالغان. ئايرىم قەۋرىلەرنىڭ ئەتراپى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ياغاچ بىلەن ئېتىپ سۇۋاپ ئېتىلگەن، ئايرىم قەۋرىلەرنىڭ ئەتراپى شال بىلەن ئېتىلىپ ئۈستى ياغاچ بىلەن ئېتىلگەن. ئايرىم قەۋرىلەرنىڭ ئەتراپى قوزۇق بىلەن سىنچەكلىنىپ، توپىسىگە ياغاچ قويۇلۇپ يېپىلغان. ئايرىم قەۋرىلەر قولۋاقنى دۈم كومتۈرۈپ ئىچىگە مېيىتنى دەپنە قىلغان. ئوپقان دەرياسىدىن 50ـ60 كىلومېتىر جەنۇبىتىكى خوتەن تەرەپكە سوزۇلغان چوڭ قۇرۇق دەريا بويى-

لىرى، قىيىقى دەريا بويلىرى، كونا كوللەر ئەتراپىدا قەۋرىستانلىق، ئوي ئىمارەت خارابىلىرى، قۇرۇپ قالغان ئۆرۈك دەرەخلىرى قالدۇقلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

شەھرى نۇجۇم خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ ۋە تارقاق ئورۇنلاشقان خارابىلىق ئىزلىرى ـ كېسەك ئويلەر، دەرەخلەر، مېۋىلىك باغلار، قەۋرىستانلىق، ئېتىز قالدۇقلىرى، گۈمبەز ـ لەرمۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇراقلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ رايون ئوتتۇرا ئەسىردە مۇھىم مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، دېخانچىلىق، ئوي ـ ئىمارەتچىلىك، قول ھۈنەر سەنئەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، تارىمنىڭ تۆۋەن ئېقىم مەدەنىيىتىنىڭ تارىم باش ئېقىم مەدەنىيىتى ئاساسىدا بىر پۈتۈن تارىم مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ساقلانغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. قەۋرىستانلىق قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بۇددىزىم دەۋرى، ئىسلام دىنى مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان ئىلگىرى ـ كېيىنلىك دەۋرلەرگە خاس ئالامەتلەرنىڭ ئىزلىرىنى روشەن كورگىلى بولىدۇ.

ھازىرغىچە شەھرى كېتىك، شەھرى نۇجۇم ھەققىدە ئوزگىچە رىۋايەتلەرنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمىدۇق. بۇ يەردە شەھرى كېتىك، شەھرىنۇجۇم بىر شەھەرنىڭ نامىمۇ؟ ياكى ئايرىم 2 شەھەرنىڭ نامىمۇ؟ شەھرى نۇجۇممۇ؟ ياكى شەھرى بۇجۇممۇ؟ شەھرى نۇجۇم شەھرى كېتىكنىڭ چوڭ يېزا رايونىمۇ قانداق؟بۇ ئىككىخارابىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدە تېخى تولۇق تەكشۈرۈش ۋە يەكۈن چىقىرىش ئاساسىغا ئىگە ئەمەسمىز. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ 2 چوڭ خارابە ئىزلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىپ، بۈيۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمى ئىزلىرىنىزامانداشلارغا سوغا قىلدى. بۇ خارابىنى قېزىش، تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن باشلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. يېقىندا لوپنۇر ناھىيىلىك سىياسى كېڭەش خارابىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئىشىدا ئاز بولمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەگە بوسۇپ كىرىپ، لوپنۇرشۇناسلىق ساھەسىدە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

1983 ـ يىل،4 ـئاينىڭ 1ـكۈنى



AltunOq

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
ئىلمىي ژورنىلى
1984 ـ يىل 2 ـ سان
(ئومۇمى 15 ـ سان )



喀什师院学报（维文版）

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

تىراژى: — 1500



from the library of
G. Pahta